بسم الله الرحمن الرحيم

د. مۇئاز سەئىد ھەۋۋا

رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بويىچە پاكلىنىش

# قەلبنى پاكلاش

كاشغەرىي ئىلىم - تەتقىقات مەركىزى

د. مۇئاز سەئىد ھەۋۋا

**رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بويىچە پاكلىنىش**

# قەلبنى پاكلاش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

Dr. Moaz Saeed Hawwa

Peygamberlik yöntemiyle temizlenmek

# Kalp Temizliği

Çeviren: A. Cemal Kaşgarlı

د. معاذ سعيد حوى

التزكية على منهاج النبوة

# تزكية القلب

**ترجمة: عبد الرحمن جمال الكاشغري**

ISBN: 978-605-74475-0-0

2021 - يىلى ئاپرېل، بىرىنچى نەشرى

كاشغەرىي ئىلىم - تەتقىقات مەركىزى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. دۇئا ۋە سالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

«روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم نەتىجە قازىنىدۇ. نەپسىنى بۇلغىغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ»

—— شەمس سۈرىسى، 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر

«ئى ئاللاھ، نەپسىمگە تەقۋالىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، نەپسىمنى ئەڭ ياخشى پاكلايدىغان زات سەن، چۈنكى سەن نەپسىمنىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى»

—— ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم

**قەلبنىڭ ھەقىقىتى، سۈپەتلىرى، ئەھۋاللىرى، ئەمەللىرى، ئۇنىڭ -**

**خىياللىرى ۋە پاكلاش يوللىرى**


**1. قەلب ۋە يۈرەك دېگەن سۆزنىڭ ئېنىقلىمىسى** 9

- قەلبنىڭ ئېنىقلىمىسى 9
- «قەلب» ۋە «نەپس» دېگەن سۆزلەرنىڭ قەلبنى پاكلاش تېما قىلىنغان كىتابلاردا ئىشلىتىلىشى 10

**2. قەلبنىڭ ماھىيىتى، سۈپەتلىرى، ئەھۋاللىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر** 13

- قەلب ھېسسىيات، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئەخلاقنىڭ ئورنىدۇر 17
- قەلبنىڭ ئەھۋالى تۈرلۈك بولىدۇ 19

**3. قەلبنىڭ تۈرلىرى** 20

- قەلبنى پاكلاش ۋە بۇلغاش ئارىسىدىكى دەرىجىلەر توغرىسىدا 20
  - شەيتانىي قەلب 20
  - ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان قەلب 21
  - ئۆلۈك قەلب 23
  - كېسەل قەلب 24

- ئۆزگىرىشچان قەلب ........ 25
- غاپىل قەلب ........ 25
- قېتىپ كەتكەن قەلب ........ 26
- ساغلام قەلب ........ 28
- بويسۇنىدىغان قەلب ........ 28
- ئارام تاپىدىغان قەلب ........ 29

**4. ئەقىل، قەلب ۋە بەدەن ئارىسىدىكى ئالاقە توغرىسىدا** ........ 30
• ئەقىل بىلەن قەلب ئارىسىدىكى ئالاقە ........ 30
• قەلبنىڭ ھەقىقەت ۋە خىيال ئارىسىدىكى توقۇنۇشى ........ 31
• قەلبنىڭ بەدەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قەلبنىڭ ئەقىل بولمىسا تېيىلىپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئەقىلنى ئىشلەتمىسە غاپىل قالىدىغانلىقى ھەققىدە ........ 34
• قەلبنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە يېتىشتىكى ھەرىكەت ۋاستىلىرى ........ 37

**5. قەلبنى پاكلاش ۋە يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدا** ........ 39
• ساغلام قەلبىي سۈپەتلەر ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشتە تەدرىجى يول تۇتۇش ........ 39
• قەلب كېسەللىرى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇخىل دەرىجىلىرىدىن پاكلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا ........ 42
• قەلبنى كېسەللىرىدىن پاكلاش بىلەن قەلبنىڭ ساغلام ھالەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئارىسىدىكى ئالاقە ........ 45

**6. قەلبنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى**

**توغرىسىدا** 47
**7. ئىبرەت ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىرى ساغلام قەلب سۈپەتلىرىنىڭ**
**مەنبەسىدۇر** 59
• ئاللاھنى ئەسلەشكە ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەر 62
**8. قەلبنىڭ توغرا ئارزۇلىرى توغرىسىدا** 69
• ئوي - پىكىر قىزىقىش پەيدا قىلالايدۇ، قىزىقىش بولسا ئوي -
پىكىر پەيدا قىلالايدۇ 75
**9. توغرا ئىرادە توغرىسىدا** 78
**10. نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش ۋە نەپسى خاھىشقا**
**قارشى تۇرۇش توغرىسىدا** 85
**11. قەلبنىڭ سۈپەتلىنىش ۋە پاكلىنىش جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم**
**مەسئۇلىيەتلىرى توغرىسىدا** 92
• ئاللاھ سۈپەتلىنىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلار 92
• ئاللاھ ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلار 94

ئىككىنچى بۆلۈم

**ساغلام قەلبنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرى**

**كىرىش سۆز** 99
**1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان كۇپۇرلۇق،**
**شېرىك ۋە مۇناپىقلىق توغرىسىدا** 100
• كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك توغرىسىدا 106
• نىپاقلىق 117

**2. سەگەك بولۇش ۋە ئاللاھ تەرەپكە قايتىش** ............ 124
- ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان غاپىللىق ۋە يۈز ئۆرۈش توغرىسىدا ............ 124
- سەگەك بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى ............ 126
- ئويغاقلىقنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى غاپىللىقتۇر ............ 130
- ئاللاھقا قايتىشنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان يۈز ئۆرۈشتۇر ............ 134

**3. ئاللاھقا تەۋبە قىلىش** ............ 138
- ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان گۇناھقا رازى بولۇش ۋە گۇناھتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا ............ 138

**4. زاھىدلىق ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان دۇنياغا، شەھۋەتلەرگە ۋە دۇنيادىكى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرگە قىزىقىش توغرىسىدا** ............ 146

**5. ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەر سۆيگۈسى ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان يامان كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش توغرىسىدا** ............ 158
- سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ............ 164
- كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىمانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى ............ 167
- ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەرگە بولغان سۆيگۈسىنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى توغرىسىدا ............ 171
- ساغلام قەلب سۆيگۈسى بىلەن بىرلىكتە تەبىئىي سۆيگۈ ۋە شەھۋانىي سۆيگۈنىڭ بىرلىشىپ قېلىشى ............ 173

**6. ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ قارمۇ-قارشىسى بولغان ئاللاھنىڭ تەدبىرى ۋە غەزىپىدىن غاپىل قېلىش توغرىسىدا** ............ 181

**7. ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ-قارشىسى بولغان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش توغرىسىدا** ........ 188

• ئۈمىدنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇش توغرىسىدا ........ 196

• قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ بىر بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا ........ 197

**8. ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان تۇزكورلۇق توغرىسىدا** ........ 202

• شۈكۈر ئېيتىشنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان تۇزكورلۇق توغرىسىدا ........ 209

**9. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا ۋە قازاسىغا سەۋر قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان ھورۇنلۇق ۋە سەۋرسىزلىك توغرىسىدا** ........ 215

ـ *سەۋر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئۇسۇللار* ........ *230*

**10. ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە رەنجىش توغرىسىدا** ........ 232

**11. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ئۈستىدە توغرا مېڭىش** ........ 238

**12. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى سەۋەبلەرگە تايىنىۋېلىش توغرىسىدا** ........ 243

**13. ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان رىياخورلۇق توغرىسىدا** ........ 257

• قانداق قىلغاندا ئىخلاسنى چارچىماستىن ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ؟ ........ 262

ـ *ئىخلاستىن تەلەپ قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم* ........ *276*

- ئىخلاسنىڭ قارىمۇ ـ قارشىسى بولغان رىياخورلۇق توغرىسىدا ..... 283
  - ـ *كىبىرلىك ھالەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى* ..... 287

**14. ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش، موھتاجلىقنى نامايەن قىلىش ۋە كەمتەر بولۇش توغرىسىدا** ..... 291

- ـ *ھەي بەندە، ئاللاھقا تەسلىم بولغىن!* ..... 295
- ـ *ھەي بەندە، ئىتائەت قىلغىن!* ..... 298
- ـ *ھەي بەندە، ئاللاھقا بىچارىلىقىڭنى نامايەن قىلىپ تۇرغىن* ..... 301
- ـ *ھەي بەندە: ئاللاھقا موھتاج بولغىن* ..... 304
- ـ *ھەي بەندە، ئاجىزلىقىڭنى بىلگىن* ..... 305
- ـ *ھەي بەندە، ئاجىزلىقىڭنى ئەسلىگىن* ..... 306
- ـ *ھەي بەندە، بىلىمسىزلىكىڭنى بىلگىن* ..... 307
- ـ *ھەي بەندە، كەمتەر بولغىن* ..... 309
- ـ *ھەي بەندە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلىك بولغىن* ..... 314

**15. ئاللاھنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا** ..... 316

**خاتىمە** ..... 325

- ساغلام قەلب ساغلام سۈپەتلەرگە ئىگە بولغاندا ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلار ..... 325
  - ـ *ئۇيقۇ ۋە چۈش* ..... 327

**قەلبنى پاكلاش پروگراممىسى** ..... 334

بىرىنچى بۆلۈم

# قەلبنىڭ ھەقىقىتى، سۈپەتلىرى، ئەھۋاللىرى، ئەمەللىرى، ئوي - خىياللىرى ۋە پاكلاش يوللىرى

# 1. قەلب ۋە يۈرەك دېگەن سۆزنىڭ ئېنىقلىمىسى

«قەلب» ئىنسان بەدىنىدىكى يۈرەكنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ ئەزادىكى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۇقۇمىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

قەلب دېگەن سۆزدىن بەزىدە ئەقىل مەقسەت قىلىنىدۇ: «بۇنىڭدا (ھەقىقەتنى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبى بار ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار»[1]. رەسۇلۇللاھ: «بەدەندە بىر ئەزا بار، ئۇ ئەزا تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ» دېگەن[2]. بۇ ھەدىستىكى ئەزادىن جىسمىدىكى مەنىۋى قەلب ياكى دىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



## قەلبنىڭ ئېنىقلىمىسى

«قەلب» دېگەن سۆز كۆكرەكنىڭ سول تەرىپىدىكى جۇمەك شەكىللىك ئەزانى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئەزانىڭ دىلدىن ئىبارەت مەنىۋى تەرىپىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەزا ھېس قىلىش، چۈشىنىش، ئاڭقىرىش، ئىرادە قىلىش، ئارزۇ ۋە نەپسى - خاھىش قاتارلىقنىڭمۇ ئورنىدۇر. شۇڭا، قەلب ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا

---

[1] قاف سۈرىسى، 37 - ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايىتى، 52 - ھەدىس.

ئايلىنىپ تۇرىدۇ. قەلب ئىرادە ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانغا قارىتىلغان خىتاب، بۇيرۇق، تەلەپ ياكى ئەيىبلەش قەلبكە قارىتىلغان بولىدۇ.

قەلب: ھېس قىلىش، ئاڭقىرىش ۋە چۈشىنىش ئورگىنى دېگەن سۆز ئىمانىي ئەقلىنى قەلبتە بولىدۇ، دەپ قارايدىغان قاراشقا ئاساسلانغان. ئەقلىنىڭ ئورنى قەلبتىمۇ ياكى مېڭىدىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىككىنچى كىتابتا توختىلىمىز. بىز بۇ كىتابتا قەلبنىڭ ئوي پىكىرلىرى، تۇيغۇلىرى، ئارزۇلىرى ۋە ئىرادىسى ھەققىدە توختىلىمىز.

## «قەلب» ۋە «نەپس» دېگەن سۆزلەرنىڭ قەلبنى پاكلاش تېما قىلىنغان كىتابلاردا ئىشلىتىلىشى

مېنىڭ قارىشىمدا «قەلب» دېگەن سۆز ئاڭقىرىش، ئوي - پىكىر، مايىل بولۇش، ھېسسىيات، ئارزۇ، خاھىش، ياخشى كۆرۈش ۋە خالاش قاتارلىق مەنالار ھاسىل بولىدىغان ئەزاغا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن قەلبنى پاكلاش ھەققىدە ئىزدەنگەن ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنساندىكى ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە مايىللىقلارنى ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت تەرەپلەرگە قارىتىلغان بولسا، قەلبگە نىسبەت بەرگەن. ئەگەر يامانلىق ۋە باتىلغا قارىتىلغان بولسا، نەپسكە نىسبەت بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان نەپستىن مەقسەت دەل قەلبتۇر. بۇ قەلبنى پاكلاش ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالىملار ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇدۇر. بۇلار ئىشلەتكەن ئاتالغۇ شەرىئەتنىڭ ئاتالغۇسىدىن يىراق ئەمەس، چۈنكى نەپس دېگەن سۆز بەزىدە قەلب مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئاللاھ :«دىلىڭلاردىكى

(يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ» دېگەن[3].

بۇ يەردە شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ ئاتالغۇ مۇقىملاشقان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرىنى نەپسكە ۋە قەلبكە نىسبەت بېرىشكە بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن دەلىللەر بۇنى تەكىتلەيدۇ.

قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن دەلىللەرنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق قەلب دېگەن سۆزنىڭ ئىككى تۈرلۈك مەنىدە كېلىدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ سۆز يۈرەكتىن ئىبارەت كونكرېت ئەزا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۆرۈنمەيدىغان مەنىۋى ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا «قەلب» دېگەن سۆز ئوي - پىكىر، تەسىرلىنىش، ئارزۇ، ئىرادە ۋە نىيەت شۇنداقلا ئەقىل ۋە ئەقىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بولغان چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئەسلەش ۋە مۇلاھىزە قىلىش قاتارلىقلارنى ۋە يەنە روھنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما بۇ مەنالارنى نامايەن قىلىدىغان سۆزلەر ۋە ئەمەللەر ياكى ئىش - ھەرىكەتلەر قەلبكە تەۋە بولمايدۇ، چۈنكى، سۆزلەر ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر كونكرېت ۋە ئاشكارا ئىشلار دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ چۈشەنچە قەلبنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىدىن يىراق ئەمەس.



---

[3] بەقەر سۈرىسى، 284 - ئايەت.

چۈنكى، قەلب دېگەن سۆز بىر نەرسىنىڭ ئىچكى قىسمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىز توختالماقچى بولغان قەلب ئۇقۇمى مەنىۋىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك.

## 2. قەلبنىڭ ماھىيتى، سۈپەتلىرى، ئەھۋاللىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر

قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە قەلب ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئەھۋاللىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، بولۇشقا تېگىشلىك ۋە پاكلىنىشقا تېگىشلىك ھالەتلىرى ھەققىدە توختىلىدىغان نۇرغۇن دەلىل ـ پاكىتلار كەلگەن. بىز تۆۋەندە قەلبنى پاكلاشتىن ۋە ئىسلاھ قىلىشقا ھەيدەكچى بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قەلبكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، قەلبكە قانداق ئەمەللەرنى باغلىغانلىقىنى، قەلبنى گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن خاراكتېرلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇغان ئىشلارنى ۋە قەلبنىڭ سۈپەتلىنىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان ناچار سۈپەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن بىرقانچە دەلىل ـ پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

قەلب ياكى دىل ئىماننىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ: «ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىماننى مەھكەم قىلغان» دېگەن[4]. يەنە: «ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى» دېگەن[5].

قەلب ھىدايەتنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ: «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ»

---

[4] مۇجادىلە سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

[5] ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.

دېگەن[6].

قەلب ھەقىقەت، مايىلچانلىق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە قارىتا ھېسسىياتىنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈردى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا چىرايلىق كۆرسەتتى» دېگەن[7].

قەلب يەنە ئازغۇنلۇق، ئەگرىلىك، بۇرۇلۇش ۋە باتىلغا مايىل بولۇشنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر...» دېگەن[8] (يەنى ھىدايەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن كىشىلەر). يەنە: «ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى» دېگەن[9] يەنى ئۇلارنىڭ بۇرىلىپ كېتىشىنى ئاشۇرىۋەتتى. يەنە ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئەسلىتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن» دېگەن[10].

قەلب پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چۈشىنىش ئورنىدۇر. ئاللاھ: «شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشىنىدىغان دىللارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟» دېگەن[11]. يەنە: «ئۇلار دىللىرى بولغىنى

---

[6] تاغابۇن سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.
[7] ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[8] ئال ئىمران سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[9] سەپ سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.
[10] ئال ئىمران سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
[11] ھەج سۈرىسى، 46 ـ ئايەت.

بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ» دېگەن[12].

قەلب ساۋاق ئېلىش ۋە ئەسلەشنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ: «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار» دېگەن[13].

قەلب ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان مۇھىم ئورۇندۇر. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن[14].

قەلب ئوي - خىياللارنىڭ ئورنىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «پىتنىلەر قەلبكە بورىنىڭ تاللىرىدەك تەكرار-تەكرار تەگلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن[15].

قەلب نەپسى خاھىش ۋە شەھۋەتلەرنىڭ ئورنىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «ھەر بىر كىشىنىڭ زىنا قىلىشتىن ئىبارەت نېسۋىسى بەلگىلىنىپ كەتكەن... كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ» دېگەن[16]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «قەلب ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «قەلبنىڭ زىناسى ئارزۇ قىلىشتۇر» دېگەن[17]. بىرىنچى رىۋايەتتىكى نەپس (كۆڭۈل) قەلب مەنىسىدە كەلگەن، چۈنكى ئۇ شەھۋەت، نەپس خاھىش ۋە ئارزۇنىڭ ئورنىدۇر.

---

[12] ئەئراف سۈرىسى، 179 - ئايەت.

[13] قاف سۈرىسى، 37 - ئايەت.

[14] مۇسلىم رىۋايىتى، 2564 - ھەدىس.

[15] مۇسلىم رىۋايىتى، 144 - ھەدىس.

[16] بۇخارى رىۋايىتى، 6238 - ھەدىس.

[17] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، 3752 - ھەدىس.

قەلب ئىرادىنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن[18] (يەنى قەلبىڭلار مەقسەت قىلغان ۋە ئىرادە قىلغان بولسا گۇناھكار بولىدۇ).

قەلب شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنىڭ ئورنىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «شەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرىدا ھەرىكەت قىلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا يامانلىقنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن[19].

قەلبتە شەيتاننىڭ نېسىۋىسى ئۈچۈن ئورۇن تېپىلىدۇ. سىيرە كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك ۋاقتىدا قەلبى يېرىلغان، ئاندىن شەيتاننىڭ نېسىۋىسى رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىن ئېلىپ تاشلانغان[20].

قەلبنىڭ تەكلىپ قىلىنغان ۋە ھېسابقا تارتىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرى بار. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ.

---

[18] ئەھزاب سۈرىسى، 5 - ئايەت.

[19] بۇخارى رىۋايىتى، 3107 - ھەدىس.

[20] مۇسلىم رىۋايىتى. 162 - ھەدىس.

ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)» دېگەن[21].

ئىخلاس ياكى سەمىمىيلىك قەلبنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشى، چىن قەلبىدىن «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن كىشىدۇر» دېگەن[22]. يەنە «كىم چىن قەلبىدىن، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن[23].

ئاللاھ تەرەپكە قايتىش ۋە تەۋبە قىلىش قەلبنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە...» دېگەن[24].



## قەلب ھېسسىيات، ھېس - تۇيغۇ ۋە ئەخلاقنىڭ ئورنىدۇر

قەلب سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ئىناقلىقنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ: «ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى» دېگەن[25]. بۇ ئايەتتىكى بىرلەشتۈردى دېگەن سۆز بىر قەلبنىڭ يەنە بىر تەرەپكە مايىل بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

قەلب مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىقنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاندىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ،

---

[21] بەقەر سۈرىسى، 225 ـ ئايەت.
[22] بۇخارى رىۋايىتى، 99 ـ ھەدىس.
[23] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، سەھىھ ھەدىس، 200 ـ ھەدىس.
[24] قاف سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.
[25] ئال ئىمران سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ» دېگەن[26].

قەلب قايغۇرۇش ئورنىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ كۆزنىڭ ياش تۆكۈشى ۋە قەلبنىڭ قايغۇرۇشى سەۋەبلىك ئازابلىمايدۇ، لېكىن تىل سەۋەبلىك ئازابلايدۇ ياكى رەھىم قىلىدۇ» دېگەن[27].

قەلب قورقۇنچ ۋە ئەنسىرەشنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ: «كاپىر-لارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز» دېگەن[28].

قەلب ئۈركۈش، يامان كۆرۈش ۋە سەسكىنىش ئورنىدۇر. ئاللاھ: «ئاللاھنىڭ يېگانە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ» دېگەن[29].

قەلب مېھرىبانلىق ۋە شەپقەتنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق» دېگەن[30].

قەلب باغرى تاشلىق، قوپاللىق ۋە توڭلۇقنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى» دېگەن[31]. رەسۇلۇللاھ: «قەلبى توڭلۇق ۋە قوپاللىق مەشرىقتە بولىدۇ،

[26] زۇمەر سۈرىسى، 23 - ئايەت.
[27] بۇخارى رىۋايىتى، 1242 - ھەدىس.
[28] ئال ئىمران سۈرىسى، 151 - ئايەت.
[29] زۇمەر سۈرىسى، 45 - ئايەت.
[30] ھەدىد سۈرىسى، 27 - ئايەت.
[31] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 - ئايەت.

ئىمان ھىجازلىقلاردا بولىدۇ» دېگەن[32].

قەلب سېخىيلىق ۋە بېخىللىقنىڭ ئورنىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «بىر بەندىنىڭ قەلبىدە بېخىللىق بىلەن ئىمان ھەرگىز بىرلىشىپ قالمايدۇ» دېگەن[33].

## قەلبنىڭ ئەھۋالى تۆرلۈك بولىدۇ

قەلب ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ، ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى زات! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان[34]، چۈنكى قەلب بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە، بىر ئويدىن يەنە بىر ئوي - پىكىرگە، بىر تۇيغۇدىن يەنە بىر تۇيغۇغا، بىر سۆيگۈدىن يەنە بىر سۆيگۈگە، بىر ئارزۇدىن يەنە بىر ئارزۇغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن قەلبنىڭ ئىمانىي ئەقلنىڭ ئورنى ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ، ھەق بىلەن باتىلنى ئۇ ئايرىپ تۇرىدۇ. قەلب ئىمان ياكى كۇپۇرلۇق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئورنىدۇر، ئۇ ھېسسىيات ۋە ھېس - تۇيغۇنىڭ ئورنىدۇر؛ ئۇ ھەقىقەت ياكى يامانلىققا مايىل بولۇشنىڭ ئورنىدۇر؛ ئۇ ھەقىقىي مەنپەئەتكە ياكى نەپس خاھىشقا قىزىقىشنىڭ ئورنىدۇر؛ ئۇ قارار قىلىش ۋە ئىرادىلىك بولۇشنىڭ ئورنىدۇر.

[32] مۇسلىم رىۋايىتى، 53 - ھەدىس.
[33] نەسەئى رىۋايىتى، 4318 - ھەدىس.
[34] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 12128 - ھەدىس.

## 3. قەلبنىڭ تۈرلىرى

### قەلبنى پاكلاش ۋە بۇلغاش ئارىسىدىكى دەرىجىلەر توغرىسىدا

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناچار سۈپەتتىن ماختاشقا سازاۋەر سۈپەتكە ئايلىنىدۇ، بىر ھالەتتىن ئېخىمۇ گۈزەل، ئېخىمۇ پاك ۋە ئېخىمۇ يۈكسەك بولغان يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. ئايەتلەر پاكلىنىشقا ئېگىشلىك بولغان بۇزۇق قەلبلەرنىڭ تۈرلىرىگە تۆۋەندىكىدەك ئىشارەت قىلغان.

#### شەيتانىي قەلب

بۇ قەلب كاپىرلىقى، بۇزۇقلۇقى ۋە توغرا يولدىن بۇرۇلۇشى سەۋەبلىك باشقىلارنى بۇزۇشقا، ئازدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى كاپىر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈممەت توغرىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە توختالغان ۋاقتىدا، بۇ قەلبنى تىلغا ئالغان. بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىرلىشىپ كەتكەن بىر باسقۇچقا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان يامانلىق ھەققىدە سورالغاندا: «مەندىن كېيىن مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇپ ماڭمايدىغان ۋە سۈننىتىمگە ئەمەل قىلمايدىغان ھاكىملار پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنسان سۈرەتلىك شەيتاننىڭ قەلبىدەك قەلبى بار كىشىلەر

پەيدا بولدۇ» دېگەن[35].

ئاللاھ بۇ تۆردىكى قەلب ساھىبلىرىنى ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى دەپ ئاتىغان: «شۇنىڭدەك ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر- بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۆزگەن ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قويۇپ بەرگىن »[36].

مۇنداق قەلبنى پاكلاش بۇ كىشىنى ناھەقچىلىق، يامانلىق، زىيان سېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرۈشتىن ھەقىقەت، ياخشىلىق، ئېھسان ۋە ئىسلاھات قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

## ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان قەلب

ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان قەلب پېچەتلەنگەن قەلبتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن» دېگەن[37]. يەنە: «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بارمۇ؟» دېگەن[38]. يەنە: «ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر» دېگەن[39]. بۇنداق قەلبلەرنى پاكلاش

[35] مۇسلىم رىۋايىتى، 1847 ـ ھەدىس.
[36] ئەنئام سۈرىسى، 112 ـ ئايەت.
[37] بەقەر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[38] مۇھەممەد سۈرىسى، 24 ـ ئايەت.
[39] مۇھەممەد سۈرىسى، 16 ـ ئايەت.

پېچەتلىنىش ۋە قۇلۇپلىنىش سەۋەبلىرىنى ھەل قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

بۇ ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر ئىمانغا زىت كېلىدىغان خەتەرلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە دىللىرىمىز پەردىلەنگەن (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ) دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن[40].

يەنە: «ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىدىغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ، ئاللاھ ھەرقانداق مۇتەكەببىر ۋە زومىگەرنىڭ دىلىنى مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ» دېگەن[41].

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «بەزى كىشىلەر جۈمە نامىزىنى ئوقۇمايدىغان ئىشلارنى توختاتسۇن، ئۇنداق قىلمىغاندا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە پېچەت بېسىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار غاپىللارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ» دېگەن[42].

---

[40] نىسا سۈرىسى، 155 - ئايەت.

[41] غاپىر سۈرىسى، 35 - ئايەت.

[42] مۇسلىم رىۋايىتى، 865 - ھەدىس.

## ئۆلۈك قەلب

بۇنداق قەلب ھەقىقەتكە بويسۇنمايدىغان ۋە ئىنتىلمەيدىغان قەلبتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(سۆزۈڭگە) ھەقىقىي قۇلاق سالىدىغانلار (سېنىڭ دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ، ئۆلۈكلەرنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن[43]. «ئۆلۈكلەر» دېگەندىن ئۆلۈك قەلبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھەقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلارنىڭ قارشىسىدا بايان قىلغان.

ئاللاھ يەنە: «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار» دېگەن[44]. بۇ ئايەت بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبى يوق دېمەكچىدەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئايەتنىڭ مەقسىتى بۇ ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبى بولىدۇ. ئايەتنىڭ دېمەكچى بولغىنى قەلبنىڭ رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇپ قەلبنى ھەقىقەت تەرەپكە يۈزلەندۈرمىگەن، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق تەرەپكە مايىل قىلمىغان كىشىنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ، ئۇ كىشى بىلەن قەلبى يوق كىشى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ تۆردىكى قەلبنى پاكلاش قەلبنى ئىشلىتىش، قەلبنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىش، قەلبنى ئىمان، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق تەرەپكە توغرا يۈزلەندۈرۈش ۋە قەلبنىڭ ئوي - خىياللىرىنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.



---

[43] ئەنئام سۈرىسى، 36 - ئايەت.

[44] قاف سۈرىسى، 37 - ئايەت.

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[45]. يەنە: «ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن› دېيىشەتتى» دېگەن [46]. قۇرئان كەرىمدىكى قەلبىدە كېسىلى بار كىشىلەر دەپ بايان قىلىنغانلاردىن مەقسەت ئىنساننى ئىماندىن ئايرىپ تاشلايدىغان قەلبى كېسەل كىشىلەردۇر. بۇ يەردىكى كېسەل ئىمان ياكى ئىسلام بىلەن بىرلىشىپ قالغان كېسەللەرنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئىمان بىلەن بىرلىشىپ قالغان كېسەللەر، ئىماننىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

بۇ تۆردىكى قەلبنى پاكلاش ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا كىبىرلىك قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسىنى ئاللاھتىن بەكرەك ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس مەخلۇقلار ئۈچۈن ئىش قىلىش، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە دۇنيانىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىلىرىنى ھاياتتىكى نىشان قىلىۋېلىشقا ئوخشاش كېسەللەرنى داۋالاش ئارقىلىق ئىشقا

[45] بەقەر سۈرىسى، -10 ئايەت.

[46] ئەھزاب سۈرىسى، 12 - ئايەت.

ئاشـــدۇ. بـۇ كىـﺸــەللەرنىڭ ھــەر بىرىنىــڭ دورىســى تېپىلىــدۇ.

## ئۆزگىـرىشچان قـەلب

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى پەردىلەپ، ئۇلارنــى دەســلەپتە مۆجىزىلەرگــە ئىشــەنمىگىنىدەك ھالەتكــە كەلتــۈرۈپ قويىمىــز ـ دە، ئــۆز ئازغۇنلۇقىــدە تېڭىرقــاپ يۈرۈشــكە قويۇۋېتىمىــز» دېگــەن[47]. قەلــب ئۆزگىرىــپ تۇرسا ھەقىقەتلــەردە ئىككىلىنىــش ھالىتــى يــۈز بېرىــدۇ، ئــۇلار ئىشــەنمىگەندە ۋە ھەقىقــەت ھەققىــدە شــەك قىلغانــدا قەلــب ئۆزگىرىــپ كېتىــدۇ.

بــۇ تۈردىكــى قەلبنــى پــاكلاش ھەقىقەتلەرنــى ۋۇجۇتقــا چىقىرىــش، دەلىــل ـ پاكىتلارنــى ئاســاس قىلىــش ئارقىلىــق ئىككىلىنىشــنى يوقىتىــش، ھەقىقــەت دائىرىســىدە چىــڭ تــۇرۇش ۋە قەلــب تونــۇپ يەتكــەن ھەقىقەتلــەردە مۇســتەھكەم تــۇرۇش ئارقىلىــق روياپقــا چىقىــدۇ.

## غـاپىـل قـەلب

ئالــلاھ بــۇ ھەقتــە: «ئۇلارنىــڭ دىللىــرى غەپلەتتىــدۇر» دېگــەن[48]. يەنــە: «ئۇلارنىــڭ دىللىــرى بۇنىڭدىــن (يەنــى قۇرئاندىــن) غەپلەتتىــدۇر» دېگــەن[49]. قەلــب ھەقىقەتلەرنــى بىلىــپ تــۇرۇپ، باشــقا ئىشــلار بىلــەن مەشغۇل بولــۇش ئارقىلىــق ئــۇ ھەقىقەتلەرنــى بىلمەســلىككە سالســا، غاپىــل قەلــب بولــۇپ قالىــدۇ.

---

[47] ئەنئام سۈرىسى، 110 ـ ئايەت.

[48] ئەنبىيا سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

[49] مۆمىنۇن سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.

بۇ تۇردىكى قەلبنى پاكلاش ئۈزى بىلىدىغان ھەقىقەتلەرنى قۇرئان ئارقىلىق ئەسلەش، ياكى تەپەككۇر قىلىش، ياكى زىكىر ئېيتىش، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ.

## قېتىپ كەتكەن قەلب

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مۆمىنلەرنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر» دېگەن[50]. يەنە: «شۇنىڭدىن كېيىن دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» دېگەن[51].

شەيتان قېتىپ كەتكەن ۋە كېسەل بولغان قەلبلەرنى ئاللاھتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇش، ئازدۇرۇش ۋە پىتنىگە

[50] ھەدىد سۈرىسى، 16 - ئايەت.

[51] بەقەر سۈرىسى، 74 - ئايەت.

تاشلاش ئۇچۇن كىرىش ئىشىكى تاپالايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارلارنى، دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنى شەيتاننىڭ سالغان شۇبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر، زالىملار ھەقىقەتەن (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) قاتتىق ئاداۋەتتىدۇر» دېگەن[52].

بۇ تۆردىكى قەلبنى پاكلاش ئەسلىتىش، ۋەز ـ نەسىھەت، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ قەلب قېتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىسىمۇ بەزىدە ئىبرەت ئالمايدۇ. شۇڭا، بۇ قەلبلەر قورقۇتۇشقا، قەلبىدە ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە جازاسىدىن قورقۇنچ پەيدا قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. بۇ تۆردىكى قەلبلەر ئېغىر بىر بالاغا ياكى كېسەلگە ياكى ئىرادىسىدىن سىرت شەھۋەتلىرىدىن ۋە ئادەتلىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان بىر ئىشقا ئۇچۇرىغاندا ئۇچراشتۇرۇش...

ئەگەر قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشى گۇناھلاردىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ چاغدا، قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان گۇناھلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە سەممىي تەۋبە قىلىش لازىم.

ئەگەر ئىنسان قەلبىدىكى بۇ سۈپەتلەردىن ۋە بۇ ئىشقا سەۋەب بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن قۇتۇلسا، كۆڭۈلدىن پاك بولۇپ، سالامەت بولۇش سۈپىتىگە لاياقەتلىك بولغان بولىدۇ. سالامەت بولۇشنىڭ دەسلەپكى سۈپەتلىرى ئىمانلىق

---

[52] ھەج سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.

بولۇش ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەردىن قۇتۇلۇشتۇر، ئاندىن ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سۈپەتلەر بۇ ئاساستا شەكىللىنىپ ماڭىدۇ.

## ساغلام قەلب

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇ كۈندە (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا پايدا تاپىدۇ» دېگەن[53]. بۇ ئايەت ئىنساننىڭ نىجات تېپىشى ئۈچۈن قەلبىنىڭ ساغلام بولۇش دەرىجىسىگە يېتىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مۇسۇلمانغا نىسبەتەن قەلبىنىڭ ساغلام بولۇش دەرىجىسى ھاسىل بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدۇر.

بۇ تۆردىكى قەلبنى پاكلاش بۇ يولنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش؛ ساغلام قەلبنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭ يۈكسەك ماقاملىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ئىنچىكە ئەخلاقلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا چوڭقۇرلىشىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئاندىن قەلب بويسۇنۇش ۋە خاتىرجەم بولۇش سۈپەتلىرىگە ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ.

## بويسۇنىدىغان قەلب

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن

[53] شۇئەرا سۈرىسى، 88 - 89 - ئايەتلەر.

ھەقىقــەت ئىكەنلىكىنــى بىلىشــلىرى، ئىمــان ئېيتىشــلىرى ۋە دىللىرىنىــڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشــى ئۈچۈنــدۇر. ئالــلاھ مۆمىنلەرنــى ھەقىقەتــەن توغــرا يولغــا باشــلىغۇچىدۇر» دېگــەن[54]. بۇنــداق قەلــب ئىمانــدا مۇستەھكەم تــۇرۇش ئارقىلىــق ھىدايەتكــە تېخىمۇ لايىــق بولىــدۇ.

## ئــارام تــاپــىدىغــان قــەلــب

ئالــلاھ بــۇ ھەقتــە: «ئىمــان ئېيتقانلارنىــڭ دىللىــرى ئاللاھنــى يــاد ئېتىــش بىلــەن ئــارام تاپىــدۇ، بىلىڭلاركــى، دىلــلار ئاللاھنــى يــاد ئېتىــش بىلــەن ئــارام تاپىــدۇ» دېگــەن[55]. يەنــە ئىبراھىــم ئەلەيھىسســالامنىڭ ئاللاھتىــن ئۆلۈكلەرنــى قانــداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنــى كــۆرۈش توغرىســىدىكى ســەۋەبىنى ئەسلىتىپ: «لېكىــن كۆڭلــۈم (تېخىمــۇ) ئــارام تېپىشــى ئۈچــۈن» دېگــەن[56].

بــۇ قەلبىنــى پــاكلاش شــەرىئەتنىڭ كۆرســەتمىلىرىدە چىــڭ تــۇرۇش ۋە ئاللاھقــا تايىنىــش ئارقىلىــق قەلبىنىــڭ ئارام تېپىشــىنى ھىمايــە قىلىــش ئارقىلىــق ئىشــقا ئاشــىدۇ.



---

[54] ھــەج سۈرىسى، 54 - ئايەت.

[55] رەئد سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[56] بەقەر سۈرىسى، 260 - ئايەت.

# 4. ئەقىل، قەلب ۋە بەدەن ئارىسىدىكى ئالاقە توغرىسىدا

## ئەقىل بىلەن قەلب ئارىسىدىكى ئالاقە

قەلب ھەقىقەتلەرنى ئەقىلدىن قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ خىتابىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاڭقىرالايدۇ. شۇڭا، قەلب ئەقىلنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە مەلۇماتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى بىلەلەيدۇ.

ئىنسان ئەقلىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت ھەققىنى بەرمىسە ياكى ھەقىقەتلەرنىڭ ئەقىلدە مۇقىملىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋالىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەقىلدە خىياللار تۇغۇلىدۇ. بۇ خىياللار قەلبنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە باتىل ئارزۇلار ھەمدە ناچار شەھۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان بۇ سەۋەبلىك خاتا ياكى يامان ئىشلارنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن، ھاراق ئىچىدىغان كىشى ئۇنى لەززەت دەپ قارايدۇ، زىنا قىلىدىغان كىشى ئۇنى لەززەت دەپ قارايدۇ، پارىخورلۇق قىلغان كىشى ئۇنى پايدا ـ مەنپەئەت دەپ قارايدۇ، قاتىللىق قىلغان كىشى ئۇنىڭدا پايدا بار دەپ قارايدۇ. بۇ كىشى دۇنيالىق لەززەتكە قارايدۇ ۋە ئاخىرەتتە يۈز بېرىدىغان دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ قارشىسىدا ناماز ئوقۇغان كىشى گەرچە چارچاپ كەتسىمۇ ئۇنىڭدا پايدا ـ مەنپەئەت بار دەپ قارايدۇ، چارچاپ كەتسىمۇ كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدۇ. روزا تۇتسا گەرچە ئاچ قالىدىغان، ئۇسساپ ۋە ئاجىزلاپ كېتىدىغان بولسىمۇ پايدا ـ مەنپەئەت بار دەپ قارايدۇ. مال ـ مۈلكىنى سەدىقە ـ زاكات ئۈچۈن بەرگەن كىشى گەرچە قىسمەن مېلى ئازلاپ كەتسىمۇ ئۇنىڭدا پايدا ـ مەنپەئەت بار دەپ قارايدۇ. بۇ كىشى دۇنيالىق يىنىك دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇپ، ئاخىرەتلىك بۈيۈك ۋە دائىملىق مەنپەئەتكە قارايدۇ.

## قەلبنىڭ ھەقىقەت ۋە خىيال ئارىسىدىكى توقۇنۇشى

بەزىدە ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە قەلبىدە ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق تەرەپلىرى بولغاندەك باتىل ۋە يامانلىق تەرەپلىرىمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەلبتە ئەقىل نىداسى ۋە ئەقىل كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەقىقەتلەر بىلەن قەلبتىكى خىيال ۋە ناھەق ئىشلار نىداسى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. شەيتان بۇ خىياللارنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارىلىشىدۇ، ئۇ خىياللارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى كۆڭۈلدە كۈچلەندۈرىدۇ، چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنسان پىكىر نۇرى، قەلب نۇرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەت نۇرىدىن ئايرىلمىسىلا ناھەق ئىشلارنى توسالىغۇدەك كۈچلۈك ھالەتتە بولىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىسىدا: «ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) مۇۋەپپەق قىلىدۇ» دېگەن[57].

---

[57] نۇر سۈرىسى، 35 ـ ئايەت.

يەنە: «ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىملا بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)» دېگەن[58].

نۇر ئاجىز بولسا ياكى قاراڭغۇلۇق كۈچلۈك بولسا، شەيتان غالىب كېلىدۇ ۋە خىياللار ئىگىلەپ كېتىدۇ. يامان ھەمراھلارمۇ ئىنساننى نۇر يولىدىن زۇلمەت يولىغا بۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» دېگەن[59].

رەسۇلۇللاھ قەلبلەرنىڭ نۇرغا ئېرىشىشتىكى نىسبىتىنىڭ تۆرلۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان ۋە بەزى قەلبلەردە بولىدىغان توقۇنۇش ھالىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بۇ قەلبلەردە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆچۈن مەدەت تېپىلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە بۇ غەلىبە قىلسا، بەزىدە ئۇ غەلىبە قىلىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «قەلب تۆت تۆرلۈك بولىدۇ: بىرى، پارقىراپ تۇرغان چىراغدەك سۈپ ـ سۈزۈك قەلبتۇر. يەنە بىرى، ئېغىزى بوغۇلغان قەلبتۇر. يەنە بىرى، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن قەلب بولۇپ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىق تېپىلمايدۇ. يەنە بىرى، ئىككى يۈزلىك قەلبتۇر. بۇ قەلبلەرنىڭ ئىچىدىكى سۈپ ـ سۈزۈك قەلب مۆمىننىڭ

[58] نۇر سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.
[59] بەقەر سۈرىسى، 257 ـ ئايەت.

قەلبىدۇر، ئۇنىڭ مەشئىلىدە نۇر بولىدۇ. ئەمما بوغۇلغان قەلب كاپىرنىڭ قەلبىدۇر. ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتكەن قەلب مۇناپىقنىڭ قەلبىدۇر، چۈنكى ئۇ دەسلەپتە بىلىپ ئاندىن ئىنكار قىلغان. ئەمما ئىككى يۈزلىمە قەلبكە كەلسەك، بۇ قەلبتە ئىمان ۋە مۇناپىقلىق تەڭ تېپىلىدۇ، بۇ قەلبتىكى ئىماننىڭ مىسالى پاك سۇ تەمىنلەپ تۇرغان ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، بۇ قەلبتىكى مۇناپىقلىقنىڭ مىسالى يىرىڭ ۋە قان تەمىنلەپ تۇرغان جاراھەتكە ئوخشايدۇ، بۇ ئىككى تەمىناتنىڭ قايسى كۈچلۈك بولسا، شۇ غالىب كېلىدۇ» دېگەن[60].

بۈگۈنكى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى ئىككى يۈزلىمە قەلبتۇر، ئاللاھ بىزنى ۋە ئۇلارنى ساقلىغاي. قارىسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر سائەت ئىچىدە ئىتائەت ۋە سۈزۈكلۈك بىلەن گۇناھ ۋە شەھۋەت ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىنى بايقىيالايسىز. بەزەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىتائەت زامانلىرى ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەزىلىرىدە شەھۋەت ۋە گۇناھ زامانلىرى ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن.

قەلبتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ۋە ئىپپەت بىلەن شەھۋەت ئارىسىدا توقۇنۇش بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ قەلب ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قارىسىڭىز بىر سائەتتە ياخشى ھالەتتە يەنە بىر سائەتتە ناچار ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بايقايسىز. بۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللاھ بىزگە ئاللاھتىن قەلبىمىزنىڭ يامانلىققا ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئامانلىق تىلىشىمىزنى ۋە قەلبىمىزنى ئاللاھنىڭ دىنى، شەرىئىتى ۋە رازىلىقىغا ماس كېلىدىغان شەكىلدە



[60] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 11145 - ھەدىس.

مۇستەھكەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىمىزنى تەلىم بەرگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئى ئاللاھ! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دېگەن[61].

رەسۇلۇللاھ قەلبنىڭ ھالى بىر ھالەتتىن يېخشىلىق يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۆمىن ئۈچۈن خۇش بىشارەت بەرگەن. رەسۇلۇللاھ: «مۆمىننىڭ مىسالى شامال كەلسە بىر قېتىم ئېگىلىپ، يەنە بىر قېتىم تۈزلىنىپ تۇرىدىغان مايسىغا ئوخشايدۇ. مۇناپىقنىڭ مىسالى قارىغاي دەرىخىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ دەرەخ ئۆرۈلگەندە قايتا تىكلەنمەيدىغان دەرىجىدە بىراقلا يىقىلىپ چۈشىدۇ» دېگەن[62]. (بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: مۆمىننىڭ قەلبى يۇمشاق بولىدۇ ۋە تەسىرلىنىدۇ، كاپىر ۋە مۇناپىقلار بالايى - مۇسىبەت بىلەن تەسىرلەنمەي، كۇپۇرلۇق ياكى مۇناپىقلىق ھالىتىدە ئۆلىدۇ).

## قەلبنىڭ بەدەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قەلبنىڭ ئەقىل بولمىسا تېيىلىپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئەقىلنى ئىشلىتىشتىن غاپىل قالىدىغانلىقى ھەققىدە

ئىنساننىڭ بەدىنى ئىجرا قىلغۇچى ۋاستىدۇر، ئىنساننىڭ جىسمى قەلبتىكى يوشۇرۇن ئىچكى تۇيغۇلىرى بويىچە ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلىدۇ. قەلب بولسا بۇيرۇقلىرىنى خىتاب ۋە تەكلىپنى ئاڭقىرىش ئورنى بولغان ئەقىلدىن ئالىدۇ.

---

[61] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 12128 - ھەدىس؛ تىرمىزى رىۋايىتى، 2140 - ھەدىس.

[62] بۇخارى رىۋايىتى، 5319 - ھەدىس.

شۇنداقتىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا بەدەننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە شەھۋەت، بۇزغۇنچىلىق ۋە گۇناھقا ئوخشاش ئورۇنسىز ئارزۇلار قەلبكە كىرىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى زىنا قىلسا لەززەت ھېس قىلىپ، زىنانى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. ئوغرىلىق قىلسا جاپا تارتماي كۆپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشىپ لەززەت ھېس قىلىپ قالىدۇ ۋە قەلبى ئوغرىلىق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ مال ـ دۇنيا تېپىشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ، ياكى ھاراق ئىچىپ ئەقلىنى يوقىتىش ئارقىلىق لەززەت ھېس قىلىپ قالىدۇ ۋە قەلبى ھاراق ئىچىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قەلبىدە ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكتىن ئارزۇ شەكىللەنگەن، ئاندىن ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى تونىغان ۋە ئەقلى ئارقىلىق بۇ ئىشلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان، ئەمما قەلبى تېخىچە بۇ ئىشلارغا مايىل بولۇۋاتقان ۋە قىزىقىۋاتقان بولسا، بۇ چاغدا، ئەقلى چاقىرىۋاتقان نىدا بىلەن شەھۋەت ۋە ئورۇنسىز ئارزۇلار قوزغىلىۋاتقان قەلبىنىڭ نىدالىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. قەلب بەزىدە جەزملەشتۈرگەن، ئىرادە قىلغان، تاللىشىنى راستچىللىق بىلەن تاللىغان ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا ئەگىشىپ قەلب ئارزۇلىرىغا قارشى جىھاد قىلغانغا قەدەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا توقۇنۇش ئىچىدە قالىدۇ.

بۇ قائىدىگە بىنائەن، قەلبىنىڭ ئارزۇلىرى دائىم ئەقىل تەرىپىدىن باشلانمىسىمۇ، بەزىدە بەدەننىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، گۇناھلىرى ۋە غاپىللىق باسقاندا كىشىلەرنى دوراش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ نەپسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۆگۈنى قەلبكە باغلانغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «دىققەت قىلىڭلار، ئىنسان بەدىنىدە بىر ئەزا بار. بۇ ئەزا تۈزەلسە بەدەننىڭ ھەممە قىسمى تۈزىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەزا بۇزۇلۇپ كەتسە بەدەننىڭ ھەممە قىسمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئەزا قەلبتۇر» دېگەن[63] .

قەلبنىڭ ئىسلاھ بولۇشى كۆپ ھاللاردا بۇ ھاياتتىكى نىشانىڭىزنى ۋە مەقسىتىڭىزنى بەلگىلەشكە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر سىز ياخشىلىق ئىرادە قىلسىڭىز قەلبىڭىز ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت نىداسىغا ئاۋاز قوشىدىغان ياخشى قەلبتۇر. ئەگەر سىز يامانلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە شەھۋەت ئىرادە قىلسىڭىز قەلبىڭىز يامان ئىشلارنى قوبۇل قىلىدىغان بۇزۇق قەلبتۇر.

قەلبتە ياخشىلىق غالىب كەلگەن، يامانلىقنىڭ يىلتىزى ۋە سەۋەبلىرى قالمىغاندا، قەلب ۋە نەپستىكى توقۇنۇش يوقىلىدۇ، بۇ چاغدا قەلب ئارام تاپىدۇ ۋە ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مايىل بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ سەۋىيىگە كەلگەن ئىنسان ئاللاھقا ھەقىقىي ئىبادەت ۋەزىپىسىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرغان بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى ئارام تاپقۇچى جان!. سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن» دېگەن[64]. قەلبنى

---

[63] بۇخارى رىۋايىتى، 52 - ھەدىس.

[64] فەجىر سۈرىسى، 27 - 30 - ئايەت.

ئارام ئېلىش باسقۇچىغا يەتكۈزىدىغان ئەڭ پايدىلىق ئىش ئاللاھنى ئەسلەشتۇر: «بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[65].

## قەلبنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە يېتىشتىكى ھەرىكەت ۋاستىلىرى

بەدەن ئەزالىرىنىڭ ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن ساغلام قەلبنىڭ سۈپەتلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ. قەلبكە تەۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ساغلام بولۇشى ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكەت قىلىش باسقۇچىغا قەدەم بېسىشى ئۈچۈن قەلب بىرقانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

1. قەلبنىڭ ئىمان ئېيتىشى ۋە ئەقىل تونۇپ يەتكەن ھەقىقەتلەرنى، مەرىپەتلەرنى ۋە ساغلام ئەقىدىلەرنى ئېتىراپ قىلىشى.

2. قەلبنىڭ ئۆزىدىكى ئارزۇلار ۋە ئەزالاردىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ تەقەززالىرىغا دىققەت قىلىشى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەسلەپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشى ھەمدە غاپىل ھالەتتە قالماسلىقى.

3. ئاشۇ ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىشى

4. بۇ ئارزۇلاردىن بەدەننى قەلب ئىشەنگەن ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەمەللەرگە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كەسكىن ئىرادىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

---

[65] رەئد سۈرىسى، 28 - ئايەت.

بىر ئىنسانىنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ ۋە ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىقى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبىنىڭ ئىرادىسى بۇ ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا قارىتا ھەرىكەتلىنىشكە يۈزلىنىشى ۋە بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىرادىنىڭ شەكىللىنىشى، ئاندىن شۇ ئىرادە بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم.

يەنە ئۆزىدە ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇش تۇيغۇسىنى بايقىسا، ئۆزىنى تۈزىتىشى، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشى ۋە نەپسىنى ھەقىقەتكە قىستىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، قەلبىنىڭ ساغلام ئارزۇسى ۋە توغرا ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان قەلبىي ۋە نەپسىي كېسەللەرنى داۋالىشى، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا قارشى كېلىدىغان بىھۇدە ئارزۇلارنى قىلماسلىقى لازىم.

قىسقىسى، ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن قەلبىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى مۇنۇ ئىشلاردا خۇلاسىلىنىدۇ: ساغلام ئوي - پىكىر، ساغلام ئوي - پىكىر ئۈستىدە توختىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش ئارزۇسى، ھەقىقەتنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا كەسكىن ئىرادىلىك بولۇش، ناتوغرا ئارزۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە قەلبىي كېسەللەرنى داۋالاپ تۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان بۇ ئىشلارنى قىلسا، قەلبىدە ساغلام سۈپەتلەرنى بايقايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىنائەن ئەزالىرىدا ياخشى ئەمەللەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. كىمكى بۇ ئىشلارنى بىرلەشتۈرەلىسە، ئۇ قەلبىنى پاكلىغان بولىدۇ.

## 5. قەلبنى پاكلاش ۋە يۈكسەلدۈرۈش توغرىسدا

قەلبنى پاكلاش ئىككى تۈرلۈك پاكلاش ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، مەنىۋىي قەلب كېسەللىرىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئارقىلىق پاكلىنىش. يەنە بىرى، ساغلام قەلبىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ئارقىلىق پاكلىنىش ۋە يۈكسىلىش.

### ساغلام قەلبىي سۈپەتلەر ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشتە تەدرىجى يول تۇتۇش

سۈپەتلىنىش كېرەك بولغان ساغلام قەلبىي سۈپەتلەرگە كەلسەك، ئىنسان بۇ سۈپەتلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئۆزلەشتۈرسە، بۇ سۈپەت باشقا سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەمدە بولىدۇ. بەزىدە بىر سۈپەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بۇ سۈپەت بىر قىسمىنى يەنە قىسمىغا يەتكۈزىدىغان پەلەمپەيىنىڭ ئورنىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ساغلام قەلبىي سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىماندۇر. ئىمان بولمىسا ھېچقانداق ساغلام سۈپەت ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئىمان ئېيتسا، ئاللاھ تەرەپكە قايتىدۇ، تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئويغىنىدۇ، غاپىللىق ۋە يۈز ئۆرۈشنى تاشلايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاللاھ

تەرەپكە قايتسا ئىلگىرىكى قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان تەۋبە قىلماقچى بولسا، تەۋبىگە ئەڭ چوڭ توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسە نەپسى خاھىشتۇر. بۇ چاغدا ئىنسان قەلبىنىڭ دۇنياغا باغلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن زاھىد بولۇشقا موھتاج بولىدۇ، بىر ئاز زاھىد بولسا ئاندىن تەۋبە قىلالايدۇ. زاھىد بولسا ئاللاھقا باغلىنىشقا ۋە ئۇنى سۆيۈشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان چەكلىمىلەردىن قۇتۇلالايدۇ. بۇ ئارقىلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ماقامىغا كىرەلەيدۇ. ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۈلۈغلاش ۋە قورقۇشنى بىرلەشتۈرمىسە قوبۇل قىلىنمايدۇ. قورقۇش بىلەن رەجا (ئۈمىد) تەڭپۇڭ ھالدا بولۇشى لازىم. ئاللاھنى قەدىرلىمىگەن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن كىشى قانداقمۇ ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈش ئىچىدە بولالىسۇن! بۇ ۋاقىتتا شۈكۈر ئېيتىشقا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى راستىنلا قىلماقچى بولسا، سەۋر قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى باشلىغان ۋە قەدەم قويغان بولسا، ئىشنى قىلىپلا قويسا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبى ئاللاھ بۇيرۇغان ياكى توسقان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشى ۋە ئىتائەت قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قەلبىدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رازىلىق ھېس قىلالىسا، ئۇ چاغدا ئاللاھنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىدا توغرا يولدا بولۇش ھالىتى شەكىللىنىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قىلالمايدىغانلىقىغا دىققەت

قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر سەۋەبتە ۋە ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھقا تايىنىشى لازىم، مانا بۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىقتۇر. ئەگەر ئۇ قەلبىدىن رازى بولۇپ ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئىش قىلغان بولسا، ئەمما ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ۋە سەممىي بولمىسا، بۇ ئىشنىڭ قىممىتى ۋە پايدىسى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىخلاس ياكى سەممىيلىك لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ قەلبىي ماقاملارنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇش ۋە شەرىئەتكە ئەگىشىش شەرتى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىرالىسا، ھەقىقىي قۇلچىلىقنى رىئاللىققا چىقارغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ھەقىقىي قۇلچىلىقنى داۋاملاشتۇرالىسا ۋە ئاللاھ مىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كېلەلىسە، ئۇ چاغدا مۇراقىبە (ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش) ۋە ئېھسان دەرىجىسىگە كىرگەن بولىدۇ.

بۇ ماقاملارنىڭ تەپسىلاتى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە پات ئارىدا بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىش كېرەككى، بۇ مەسىلىلەر بىر ئىنساندا ئوخشىمايدىغان تەرتىپ بىلەن يېتىلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ـ ئەقىل ھەقىقەتلەرنى تونىغاندىن كېيىن ـ ھەقىقەتلەرنى ئەسلەيدىغان ئوي ـ پىكىرلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە مۇقىملىشىدۇ، ھەتتا بۇ سۈپەتلەر قەلبنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە سۈپەتلىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئارزۇلار تۇغۇلغاندا ئىرادە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىش ـ ھەرىكەتلەر شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

## قەلب كېسەللىرى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇخىل دەرىجىلىرىدىن پاكلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا

پاكلىنىشقا تېگىشلىك بولغان قەلبنىڭ كېسەللىرى تۈرلۈك ۋە ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ. مەسىلەن، كېسەل كۈچۈرلۈق دەرىجىسىدە ياكى كۈپۈرلۈققا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولۇپ كۇپۇرلۇققا باشلاپ بارمايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، قەلبكە تەۋە چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. بەزىدە كۇپۇرلۇق ياكى گۇناھ دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئىماننىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدىغان ياكى ئېھسان ماقامىغا يېتىشتىن توسۇپ قويىدىغان دەرىجىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تۆۋەندىكى بۇ ئىككى مىسال سىزگە قەلب كېسەللىرىنىڭ قانداق تۈرلىرى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

1. كىبىر: ئەگەر بۇ كىبىر ئاللاھقا ۋە بۇيۇك ھەقىقەتلەرگە كىبىر قىلىش ۋە چوڭچىلىق قىلىش بولسا كۇپۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ ياكى كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بۇ كىبىر ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە كۆرۈپ، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش بولسا، چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ كىبىر ئالىملار ۋە ياخشىلارغا چوڭچىلىق قىلماستىن ياكى ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى كەمسىتمەستىن، ئۇلارنىڭ سورۇنىغا ئۈستۈنلۈك قىلىپ بارماسلىق بولسا، بۇ تۈردىكى كىبىر ئۇلارنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان سورۇنلارنىڭ بەرىكىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ.

2. ھەسـەت: ئەگـەر بـۇ ھەسـەت ئالـلاھ پەيغەمبەرلـىك ئاتـا قىلغـان پەيغەمبەرلەرگـە قىلىنغـان ھەسـەت بولسـا، كۇپۇرغـا ئېلىـپ بارىـدۇ. ئەگـەر بۇ ھەسـەت دۇنيا ياكـى ئابـروي ياكـى ئىلىـم ـ مەرىپـەت بېرىلگـەن كىشـىلەردىن نېمەتنىـڭ يوقـاپ كېتىشـىنى ئـارزۇ قىلىـش بولسا، قەلبنىـڭ چوڭ كېسـەللىرىگە تـەۋە گۇنـاھ ھېسـابلىنىدۇ. ئەگـەر بـۇ ھەسـەت ئالىمـلار ۋە ياخشـىلارنىڭ ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىگـە قارىتىلغـان بولسـا، ئۇلاردىــن پايدىلىنىشـقا توسـالغۇ بولـۇپ قالىـدۇ.

ئالـلاھ بىزنـى قەلبىمىزنىـڭ بارلىـق يوشـۇرۇن كېسـەللىرىدىن پاكلىنىشـقا بۇيرۇغـان، شـۇنداقلا جىسـمىمىزنى ئاشـكارا بارلىـق گۇناھلاردىــن پاكلاشـقا بۇيرۇغـان. ئالـلاھ بـۇ ھەقتـە: «ئاشـكارا ۋە يوشـۇرۇن گۇناھلارنـى تاشـلاڭلار، شۈبھىسـىزكى، گۇنـاھ قىلغۇچىـلار ئـۆز قىلمىشـلىرى تۈپەيلىدىـن (ئاخىرەتتـە) جازاغـا تارتىلىـدۇ» دېگـەن[66]. يەنـە: «ئـى مۇھەممـەد! ئۇلارغـا ئېيتقىنكـى، <پەرۋەردىگارىـم ئاشـكارا ۋە يوشـۇرۇن يامـان ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنى، گۇناھلارنـى، (كىشـىلەرگە) ناھـەق چېقىلىشـنى، ئالـلاھ ھېچقانـداق دەلىـل چۈشـۈرمىگەن نەرسـىلەرنى ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرۈشـنى، ئـۆزەڭلار بىلمەيدىغـان نەرسـىلەرنى ئالـلاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشـنى ھـارام قىلـدى>» دېگـەن[67]. يەنـە: «ئاشـكارا ۋە يوشـۇرۇن يامـان ئىشـلارغا يېقىــن كەلمـەڭلار» دېگـەن[68].

ساھىبىنى كۇپۇرغـا يەتكۈزۈپ قويىدىغـان قەلبىي كېسـەللەر

[66] ئەنئام سۈرىسى، 120 ـ ئايەت.

[67] ئەئراف سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

[68] ئەنئام سۈرىسى، 151 ـ ئايەت.

ئـەڭ خەتەرلـىك كېسـەللەردۇر، چۈنكـى بـۇ كېسـەللەر قەلبتـە تېپىلـىپ قالسا، ساھىبىنى ھەقىقەتلـەر بىلـەن پايدىلىنىشتىن توسـۇپ قويـىدۇ. بـۇ كىشـى ھەقىقەتلەرنـى ۋە ئەقىدىلەرنـى ھەرقانچـە بىلـىپ كەتسىمۇ، قەلبىنىـڭ كېسـەللىرى ئۇنـى قوبـۇل قىلىشـقا توسـالغۇ بولۇۋالـىدۇ. بۇنـىڭ نەتىجىسـىدە ئىمانىنىـڭ ئورنىغـا كۇپۇرنـى ئېـلان قىلـىپ سـالىدۇ، ھەقىقەتكـە قارشـى چىقىـپ قالـىدۇ ياكـى ئۇنىڭدىـن يـۈز ئـۆرۈپ قالـىدۇ، شـۇنداقلا قەلبىدىكـى كېسـەل سـەۋەبىدىن باتىلنـى قوبۇل قىلىپ سـالىدۇ. بىـز بـۇ كېسـەللەرنىڭ بىـر قىسمىنى ئەقـىل ۋە پىكىرنـى ئىسلاھ قىلىـش نامىلـىق ئىككىنچـى كىتابتـا بايـان قىلـدۇق.

بىــز دەسـلەپكى سـەۋىيەدىكى كىشـىلەرگە بايـان قىلغـان پىكـرى مېتودتىكـى ئىلمـي ھەقىقەتلـەر ۋە ئەقلـي بايانلارنـى ئەقلىنىـڭ تونـۇپ يېتەلىشـى، ھېـس قىلالىشـى، چۈشىنەلىشـى، ئۇنىڭ ساغلاملىقىنى بىلەلىشـى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بايقىيالىشـىنىڭ ئۆزىـلا ئىنسـاندا پـاكلاش ھەرىكىتـى ئېلىـپ بېرىــش ئۈچـۈن كۇپايـە قىلمايـدۇ. يۇقىرىقـى ھەقىقەتلەرگـە قوشـۇمچە قەلبىدىكـى ئـارزۇ ۋە ئىـرادە بىلـەن ماسلاشمىسـا، ئاندىــن بــەدەن ھەرىكەتلىـرى ئارقىلىـق ئۇنىـڭ تەقەززاسـى بويىچـە ھەرىكـەت قىلمىسـا، شـۇنداقلا ئۇنىڭغـا قەلبـي ۋە نەپسـي مايىلچانلىقـى قوشۇلمىسـا، ئـۇ چاغـدا بـۇ پـاكلاش ھەرىكىتـى ئېنىقسـىز يـوق نەرسـىدەك بولـۇپ قالـىدۇ.

دېمـەك، ھەقىقەتلەرنـى كەسـكىن بىلگـەن بىلـەن قەلبـى قوبـۇل قىلمسا، ئېتىـراپ قىلمسا، ئىشەنمىسە ۋە بويسۇنمىسا پايدىسـى بولمايـدۇ. ھەقىقەتنـى قوبـۇل قىلىشـتىن چوڭچىلىـق

قىلغان كىشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ؛ ئەقلى بىلەن ئاللاھ ۋە شەرىئەت تەرەپكە قايتماي تۇرۇپ، نەپسى خاھىشى بويىچە خالىغان نەرسىلەرنى ھەقىقەت دەپ دەۋا قىلغان كىشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۇنتۇپ نەپسى خاھىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىمۇ ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ۋە ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلەردىن پايدىلىنىشقا توسالغۇ بولىدىغان قەلبىي كېسەللەرنى داۋالاش مەسىلىسى تەزكىيە (قەلبنى پاكلاش) ئىلمىگە تەۋەدۇر. بۇ تەزكىيە ئىلمىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىدۇر، بۇ نەپسنى ۋە قەلبنى پاكلاش ئۈچۈن توغرا بىر باشلىنىشتۇر.



## قەلبنى كېسەللىرىدىن پاكلاش بىلەن قەلبنىڭ ساغلام ھالەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئارىسىدىكى ئالاقە

ئىنسان ساغلام قەلبنىڭ قايسىبىر سۈپەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارسا، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كېسەلدىن ئۆزلۈكىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قەلب كېسەللىرىدىن بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، بۇ كېسەل ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ساغلام سۈپەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ساغلام سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش يولىنى تۇتۇپ ماڭغان بولسا، قەلبنىڭ كېسەللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قەلبنىڭ كېسەللىرىدىن قۇتۇلۇش يولىنى تۇتۇپ ماڭغان بولسا، ئۇ چاغدا، ساغلام سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرسىلا باشقا بىر نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ.

لېكىن بەزىدە ئىنساننىڭ ساغلام سۈپەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى پاكلىق ھالىتى بىلەن كېسەل ھالىتىنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ ساغلام قەلب ھالىتى مۇستەھكەم ئورۇنلاشقۇچە يۇقىرىقى ئىككى يولنىڭ بىرسىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە موھتاج بولىدۇ.

## 6. قەلبنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

قەلبنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ئىنسان نەپسىدىكى مۇھىم نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن سانالغاچقا، نەپسنى پاكلاش ياكى بۇلغاشتا ئۇنىڭ چوڭ تەسىرى بولىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە قەلبىدىكى ئوي - پىكىرلەر باتىل بولۇپ قالسا، بۇ ئەھۋال باتىل ئارزۇلارغا، خاتا ھېسسىياتلارغا ۋە يامان ئىرادىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما توغرا ئوي -پىكىرلەر ساغلام ئارزۇ، پاك ھېسسىيات ۋە ياخشى ئىرادىلەرگە باشلاپ بارىدۇ.

قەلبتىكى ۋە زېھىندىكى بۇ ئوي - پىكىرلەرنىڭ بەزىسى ئورۇنلۇق ۋە بەزىسى ئورۇنسىز بولىدۇ. بۇ ئوي پىكىرلەرنىڭ بەزىسىنى ئىنسان ئۆزى پەيدا قىلىدۇ، بەزىسى ئىنساننىڭ ئىرادىسىسىز پەيدا بولىدۇ، يەنە بەزىسى پەرىشتە ياكى شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ، ياكى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلىرى سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ.

بۇنىڭ قاتارىدا، ئىنسان ھېساب بېرىدىغان ۋە ھېساب بەرمەيدىغان ئوي - پىكىرلەر بولىدۇ. يەنە ئۇنىڭ قاتارىدا قوبۇل قىلىش ۋاجىب بولىدىغان، قوبۇل قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدىغان، قوبۇل قىلسا دۇرۇس بولىدىغان ۋە قوبۇل قىلسا بولمايدىغان ئوي - پىكىرلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ شەرئى ئەھكاملىرى ۋە دەلىللىرى بار. بىز بۇلارنى ئوتتۇرا

باسقۇچتا بايان قىلىپ ئۆتىمىز، لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرى ھەققىدىلا توختىلىمىز.

ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىنساننىڭ نەپسى ۋە قەلبىدە بولىدىغان بۇ ئوي - پىكىرلەردىن ئاگاھلاندۇرغان، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇ ئوي - پىكىرلەرنى بىلىدىغانلىقى، ھەق بولسۇن ياكى باتىل بولسۇن، ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا مەخپى قالمايدىغانلىقى ۋە بىزدىن ئۇ توغرىلىق ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە بۇلارغا دىققەت قىلىشىمىزنى، ئۆزىمىزنى تۈزىتىشىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى پاكلىشىمىزنى ئەسكەرتكەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز» دېگەن[69]. يەنە: «دىلىڭلاردىكى (يامانلىق)نى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ» دېگەن[70]. يەنە: «سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار (ئاللاھ ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن[71]. بۇ ئايەت ئىنسان دىلىدا مەخپىي تۇتۇۋاتقان ۋە يوشۇرۇۋاتقان ئوي - پىكىرنىڭ سۆز دەپ سانىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (نىيەتلىرىڭلاردىن، ئەمەللىرىڭلاردىن) يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى

---

[69] قاف سۈرىسى، 16 - ئايەت.

[70] بەقەر سۈرىسى، 284 - ئايەت.

[71] مۈلۈك سۈرىسى، 13 - ئايەت.

بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر»[72]. يەنە: «ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى پۇرتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)» دېگەن[73]. يەنە: «مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: ‹كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)› دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن[74].

ئوي ـ پىكىرلەر بەزىدە شەيتاندىن بولىدۇ ۋە ۋەسۋەسە دەپ ئاتىلىدۇ: ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە

---

[72] تاغابۇن سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.

[73] بەقەر سۈرىسى، 235 ـ ئايەت.

[74] ئال ئىمران سۈرىسى، 167 ـ ئايەت.

قىلدى» دېگەن[75]. يەنە: «كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن> دېگىن»[76].

ئوي - پىكىرلەر بەزىدە پەرىشتىدىن بولىدۇ ۋە ئىلھام دەپ ئاتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە: «ھەربىرىڭلارنىڭ جىندىن ۋە پەرىشتىلەردىن بىر يېقىنى بولىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: سىلىنىڭمۇ جىنلىرى بارمۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سوئالغا جاۋابەن: «مېنىڭمۇ بار، لېكىن ئاللاھ ماڭا ياردەم بەردى ۋە مېنىڭ جىنىم مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا، ئۇ ماڭا ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلاندۇرمايدۇ» دېگەن[77].

قەلبنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنىڭ ساغلام ۋە راستچىل بولۇپ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان دەرىجىدە بولۇشى قەلبنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمان كىشى قەلبىدە بىھۇدە ئوي - پىكىرلەر ئايلىنىپ يۈرمەيدىغان، ھەقىقەتتىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە قەلبىگە بىھۇدە ئوي - پىكىرلەرنىڭ تاشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرمايدىغان ھالەتتە بولۇشى ئۈچۈن سەۋەب قىلىشى لازىم. شۇڭا، ساغلام ئارزۇلار ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن قىزىقىشنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن دائىم ھەقىقەتنى ئەسلەش ئارقىلىق قەلبنى مەشغۇل قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر

[75] تاھا سۈرىسى، 120 - ئايەت.
[76] ناس سۈرىسى، 4 - 6 - ئايەتلەر.
[77] مۇسلىم رىۋايىتى، 2814 - ھەدىس.

قەلب ئەقىل تونۇپ يەتكەن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئارزۇلار ۋە ساغلام مايىللىقلارنى بايقىيالىسا، ئۇ چاغدا، توغرا يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ.

ئىنسانغا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش ۋە بىھۇدە ئىشلارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق خىيالىغا كەلگەن ئوي - پىكىرلەرنى توغرا يۆنىلىشكە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبىدە توغرا ئوي - پىكىرلەرنى پەيدا قىلىشقا ئۆرۈنۈشى ۋە ھەرىكەت قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ يولى زىكىر ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ياكى تەپەككۇر قىلىش ياكى ئىبادەت قىلىش ياكى ياخشى كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتنى ئەسلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، چۈنكى ئوي - پىكىرلەر ئىنساندىن ئايرىلمايدۇ ياكى توختاپ قالمايدۇ، بەلكى قەلب بىر ئويدىن يەنە بىر ئويغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «پىتنىلەر قەلبكە بورىنىڭ تاللىرىدەك دانىمۇ دانە ياكى قېتىممۇ قېتىم تەگلىنىپ قالىدۇ» دېگەن[78]. ئوي - پىكىرلەر بورىنىڭ توقۇلمىسىدەك بوشلۇق تاشلاپ قويماي ئارقىمۇ ئارقا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز تەرىپىدىن بىرەر توغرا ئوي - پىكىر پەيدا قىلمىسىڭىز، ئۇ چاغدا ئوي - پىكىر شەيتان ياكى نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، سىز پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ۋە خاتا يولغا باشلاشقا سەۋەب بولىدىغان يامان ئوي - خىياللار سىزگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ھاسىل قىلىشقا ئالدىراڭ.

---

[78] مۇسلىم رىۋايىتى، 239 - ھەدىس.

سىز ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ياخشى بولغان ساغلام ئوي - پىكىرلەرنى پەيدا قىلالايسىز. زىكىر ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇشنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە ئۈنۈمى بولىدۇ.

گۇمان ياكى خام خىيال ۋە غەم - قايغۇ ئىنسانىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى دۇغلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىنىدۇر. خام خىياللارنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلىم - مەرىپەت، ئالىملار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە ھەقىقەت ھەققىدە ئىزدىنىشتۇر. غەم - قايغۇلارنى داۋالاش ئۇسۇلى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش، ئاللاھنىڭ سىناقلىرى ۋە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرىئەتكە ئۇيغۇن يول ئىزدەش، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش - ھەرىكەت قىلىش، غەم - قايغۇغا سالغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئاللاھقا تايىنىش ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلىش ئارقىلىق غەم - قايغۇدىن ئامانلىق تىلەش بىلەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئىنسانىنىڭ ئوي - خىياللىرى غەم - قايغۇغا سالىدىغان ۋە قىيىنچىلىققا سەۋەب بولىدىغان ئوي - پىكىرلەردىن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدىغان، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىدىغان، ئاللاھقا دۇئا قىلىدىغان، ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئويدا بولىدىغان ۋە ئاللاھقا بويسۇنىدىغان ئوي - پىكىرلەرگە ئايلىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ قەلبىگە ۋە ئوي - پىكىرلىرىگە شەيتاندىنمۇ بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە بۇزۇق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بولماقتا. بۇزۇق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى:

- توغـرا بولمغـان پكىرلەرنــى راۋاجلاندۇرماقتـا، بىھـۇدە پايدىســز ئىشــلارنى چىرايلــق كۆرســەتمەكتە ۋە ھەقىقەتلەرنــى بۇرمىلىماقتــا.
- ئىنسانلارنى بـۇزۇش ۋە غاپىللاشـتۇرۇش ئۈچۈن فىلىملـەر ۋە كـۆپ قىسـىملىق تىياتىـرلار ھازىرلانماقتا.
- شــەھۋەت قوزغايدىغــان ۋە ئــەۋرەت دەپ بەلگىلەنگــەن ئەزالارنــى ئاچىدىغــان ھاياســىز ئۇســۇللار ۋە ھاياســىز ناخشــىلارنى تارقىتــش بارغانسـىرى كېڭەيمەكتــە.
- ۋاقىتنــى زايــە قىلىدىغــان ياكــى ئــش ـ ھەرىكەتتىــن مەشــغۇل قىلىدىغــان پروگراممــلار تەشـۋىق قىلىنماقتـا.

بۇلارنىــڭ ھەممىســى ئەقىلنــى ئۆزىگــە تارتماقتــا، قەلبنــى جەلــب قىلماقتــا، قەلبنــى كۆرگــەن ياكــى ئاڭلىغــان بىھـۇدە ئىشـلار، خـام خىيالـلار ۋە شـەھۋەتلەر ئەتراپىـدا ئايلىنىدىغـان قىلىــپ قويماقتــا. بۇنىــڭ نەتىجىســىدە بــۇ ئــوي ـ خىيالــلار قەلبكـە سـىڭىپ كىرىـپ، قەلبكە تەسـىر كۆرسـەتمەكتە، قەلبنى قارشىلىشــالمايدىغان ياكــى دىققــەت قىلالمايدىغــان ھالەتكــە كەلتـۈرۈپ قويماقتا، قەلبنى سەزدۈرمەسـتىن تارتىـپ كەتمەكتە، قەلبنــى چاندۇرماســتىن غاپىللىققــا تىقىــپ قويماقتــا، ھېــس قىلدۇرماسـتىن ئۇنىـڭ پىكـرى بىلـەن ئويناشـماقتا، ئىنسـاننىڭ قەلبىگـە تەسـىر كۆرسـىتىپ، شـەيتان بۇزالمايدىغان دەرىجىـدە بۇزماقتــا، شــەيتان قىلالمايدىغــان ئىشــلارنى پەيــدا قىلماقتــا. ئالـلاھ مېنـى كـۆرۈپ تۇرىـدۇ دەپ قارايدىغـان، نەپسـىگە قارشـى جىھــاد قىلىدىغــان، رىيائاللىقنــى ۋە دۈشــمەنلەرنىڭ ھىيلــە ـ مىكىرلىرىنــى چۈشــىنىدىغان ســەگەك ۋە ياخشــى كىشــلەردىن

ئىبارەت ئازغىنا كىشىلەرلا بۇ ئايەتلەردىن سالامەت قالماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بىزنى جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندەك ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرىدىنمۇ ئاگاھلاندۇرغان: «شۇنىڭدەك ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر- بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بۇلارمۇ قىلسۇن، دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ»[79]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ بىھۇدە ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى، كىشىلەرنى ئالدايدىغانلىقى ۋە يامان ئىشلارغا قىزىقتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا بۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالغان ئاسىي گۇناھكار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ بىزنى ئەگەر بىز دىققەت قىلمىساق، بىز ھەمراھ بولۇۋاتقان خاتا يولدىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىمىزنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ۋە يولىمىزدىن بۇرىۋېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان: «شۇ كۈنى زالىم ئىككى قولىنى چىشلەپ: ‹ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن

---

[79] ئەنئام سۈرىسى، 112 - 113 - ئايەت.

كىيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن ئازدۇردى> دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ»[80]. دېمەك، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاددى ھاياتىمىزدا بولسۇن ياكى تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا ئوخشاش تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق بولسۇن، بۇزۇق، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن، ئازدۇرغۇچى ۋە شەھۋەتنىڭ كەينىدىن يۈرۈيدىغان كىشىلەردىن ئاگاھ بولۇشتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەقىقەتنى ئۆگىتىدىغان، قەلبلەرنى ھەقىقەت بىلەن مەشغۇل قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى ياخشىلىققا تارتىدىغان پاكىز ئىسلام تەشۋىقاتى يارىتىشقا ھەرىكەت قىلىشتۇر. بۇزۇق ۋە بۇزغۇنچى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن مۇنكەرنى يوقاتقانغا قەدەر ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىشلىرىدا كۆپ كۈچ چىقىرىشتۇر.

ئىنساننىڭ ئوي - پىكىرلىرى ئىچىدە ھەقىقەتكە مايىل بولىدىغان ياكى بىھۇدە ئىشلارغا مايىل بولىدىغان ئوي - پىكىرلەر بولىدۇ، يەنە شەيتان تەرەپتىن كېلىدىغان ئوي - پىكىرلەر ۋە ۋەسۋەسىلەرگە ئوخشاش بۇزۇق ئوي - پىكىرلەرمۇ بولىدۇ. بەزىدە پەرىشتە تەرىپىدىن كېلىدىغان ياخشى ئوي - پىكىرلەر ۋە ئىلھاملار بولىدۇ. بەزىدە كىشىلەردىن بولىدۇ، كىشىلەردىن پەيدا بولغان ئوي - خىياللار ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى، راستچىللىقى، ئىلمىي قابىلىيىتىگە قارىتا ياخشى بولىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقى، يالغانچىلىقى ياكى نادانلىقىغا قارىتا يامان بولىدۇ.

---

[80] فۇرقان سۈرىسى، 27 - 29 - ئايەتلەر.

ئەگەر بۇ ئوي - پىكىرلەر ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ تۈزىلىشى ھەقىقەتلەرنى ھېس قىلىش، بىلىش، ئەسلەش ۋە خاتىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ. يەنە يامان ئوي - خىياللاردىن ئۆزىنى يىغىش، ئۇنى ئىنكار قىلىش، ئۇ خىياللارنى داۋاملاشتۇرماسلىق، كۆڭلىنى قىزىقتۇرۇپ ئوي - خىيال پەيدا قىلىۋاتقان شەھۋەتلەرگە قارىتا نەپسىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئوي - پىكىرلەر ھەق ئىگىلىرىدىن بولغان توغرا ئوي پىكىر بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلىنىش ۋە ئالىملار، ياخشىلار، راستچىللار بىلەن كۆپ ئولتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئوي - پىكىرلەر بىھۇدە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، ئۇنى بىھۇدە پايدىسىز ئىشلارغا ۋە ئازدۇرىدىغان رايونلارغا دىققەت قىلىش، بىھۇدە ئىش قىلىدىغانلاردىن يىراق تۇرۇش، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلماسلىق، ئارىلاشماسلىق ۋە ئۇلارغا قۇلاق سالماسلىق لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئوي - پىكىرلەر پەرىشتە تەرىپىدىن بولغان بولسا، ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ئىتائەتكە چاقىرىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئىنسان ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىرلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ياكى كىبرەكسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قالسا،

ئۇنىڭ نەپسىدىن ياكى شەيتاندىن ياكى پەرىشتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ ئوي - پىكىرلەرنىڭ شەرئەتتىكى ھۆكمىنى بىلگەنگە قەدەر بۇ ئوي - پىكىرلەرگە ئەگەشمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇ ئوي - پىكىرلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىش ياكى بىلىش ياكى ئەمەل قىلىش جەھەتتىن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ مەنبەسىگە قارىماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوي - پىكىرلەر ھەقىقەت ۋە شەرئەتكە قارشى بولسا، ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ ۋە مەنبەسىگىمۇ قاراپ ئولتۇرمايدۇ.

ئەگەر بۇ ئوي - پىكىرلەر شەيتان تەرىپىدىن بولۇپ، گۇناھ، شەھۋەت، بىھۇدە ئىش ياكى كۇپۇرلۇق ۋە شەككە چاقىرىدىغان بولسا، بۇنى ئىنكار قىلىش ۋە رەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «پىتنىلەر قەلبكە بورىنىڭ توقۇلمىسىدەك دانىمۇدانە تەڭلىنىپ تۇرىدۇ، قانداق بىر قەلب بۇ پىتنىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولسا، ئۇ قەلبتە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ، قانداق بىر قەلب ئۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ قەلبتە ئاق چېكىت پەيدا بولىدۇ» دېگەن[81]. بۇنداق چاغدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتىشى، ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئوي - پىكىردە بولۇشى، شۇنداقلا شەيتاننىڭ بىھۇدە ئىشلارغا چاقىرىدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن شەكلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم بولىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھتىن پاناھ تىلەش شەيتاننىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىشقا

[81] مۇسلىم رىۋايىتى، 144 - ھەدىس.

يـاردەم بېرىـدۇ. ئاللاھ شـەيتان توغرىسـىدا: «شـەيتان سـىلەرنى پېقىرلىقتىــن قورقىتىــدۇ، يامــان ئىشــلارغا (يەنــى بېخىللىققــا، زاكات بەرمەسـلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ ئاللاھ سـىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنــى ۋەدە قىلىــدۇ، ئاللاھنىــڭ مەرھەمىتــى كەڭــدۇر، ئــۇ ھەممىنــى بىلىــپ تۇرغۇچىــدۇر» دېگــەن[82]. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، مۆمىــن كىشــى غــەزەپ قىلىشــتىن ساقلانسۇن، چۈنكــى غــەزەپ قىلىــش شــەيتاننىڭ كىرىــش ئېغىزىــدۇر، ئــۇ ياخشــى گــەپ - ســۆزلەرنى داۋاملاشتۇرســۇن، شــۇنداق قىلســا شــەيتاننىڭ ۋەسۋەسىســى ۋە كىشــىلەر ئارىســىنى بۇزۇشــى يوققــا چىقىــدۇ: «بەندىلىرىمگــە ئېيتقىنكــى، ئــۇلار ياخشــى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىســىزكى، شــەيتان ئۇلارنىــڭ ئارىســىدا پىتنــە قوزغايــدۇ، شــەيتان ئىنســانغا ھەقىقەتــەن ئاشــكارا دۈشــمەندۇر»[83].



[82] بەقەر سۈرىسى، 268 - ئايەت.

[83] ئىسرا سۈرىسى، 53 - ئايەت.

## 7. ئىبرەت ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىرى ساغلام قەلب سۈپەتلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر

ئىنسان ئۆزىنى ۋە قەلبىنى پاكلاشقا ھەر قانچە ئۇرۇنسىمۇ، گۇناھلاردىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراقلىشىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىتائەت ئىشلارنى قىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن مۇناسىپ شارائىت يارىتىلمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتىكى قەدىمى ئاجىز بولىدۇ.

قەلبىنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپ مۇھىت ھازىرلاشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىبرەت ئېلىش ۋە ۋەز - نەسىھەت ئېلىشتۇر. چۈنكى ئىنسان ھەقىقەتلەرنى بىلگەندىن كېيىن، قەلبىنىڭ ئۇ ھەقىقەتلەرگە باغلىنىشى، ساغلام قەلبى بىلەن يۈزلىنىشى ۋە توغرا ئىش - ھەرىكەتكە سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتلەرنى ئەسلىشى ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنى قەلبىدە ھازىر قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئىبرەت ئېلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئىبرەت ئالمايدىغانلارنى تەنقىدلىگەن: «ئويلانمامسىلەر؟»[84]. يەنە: «ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا (ۋەز-نەسىھەتنى) قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن[85].

ئاللاھ ئىبرەت ئالىدىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلىگەن ھەمدە

---

[84] سافات سۈرىسى، 155 - ئايەت.

[85] سافات سۈرىسى، 13 - ئايەت.

ئىبرەت ئېلىش ۋە ھەقىقەتلەرنى ئەسلەشنىڭ ئەقىللىق، تەۋبە قىلغان ۋە ھەقىقەتكە قايتقان كىشىلەر تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ» دېگەن[86]. يەنە: «پەقەت ئاللاھنىڭ تائەتىگە قايتقان كىشىلەرلا (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ» دېگەن[87]. يەنە: «ئاللاھتىن (قورققان) ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن[88].

ئاللاھ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ياكى ھەقىقەتلەرنى ئەسلەشنىڭ مۆمىنلەر ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ۋە تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق» دېگەن[89]. يەنە : «ۋەز ـ نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن»[90]. يەنە: «نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن، ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن»[91].

ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنىڭ كىشىلەرگە ھەقىقەتلەرنى ئەسلەتكۈ ـ چى بولۇشىنى بۇيرۇغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنى

[86] بەقەر سۈرىسى، 269 ـ ئايەت.
[87] غاپىر سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.
[88] ئەئلا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.
[89] زارىيات سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.
[90] ئەئلا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.
[91] ئەبەسە سۈرىسى، 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

بۇيـرۇپ: «ۋەز ـ نەسـﻬەت قىلغىـن، ۋەز ـ نەسـﻬەت مۆمىنلەرگـە پايدىلىـق» دېگـەن[92]. شـۇنداقلا، ئالـلاھ مۇسـا ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىگـە ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى، ياخشـىلىقى، قۇدرىتـى، كۈچـى ۋە ئازابىنـى كۆرسـىتىدىغان مۆجىزىلىرىنـى ئەسلىتىشكە بۇيرۇغـان: «بىـز مۇسـانى مۆجىزىلىرىمىـز بىلـەن (پەيغەمبـەر قىلىـپ) ئەۋەتتـۇق، (ئۇنىڭغـا دېدۇقكـى) «قەۋمىڭنـى قاراڭغۇلۇقتىـن (يەنـى كۇفرىدىـن) يورۇقلۇققا (يەنـى ئىمانغـا) چىقارغىـن، ئۇلارغا ئاللاھنىـڭ نېمەتلىرىنـى ئەسـلەتكىن». بۇنىڭـدا (بالاغـا) سـەۋر قىلغۇچـى، (نېمەتكـە) شـۈكۈر قىلغۇچـى ھـەر بىـر بەنـدە ئۈچـۈن ئەلۋەتتـە نۇرغـۇن ئىبرەتلـەر بـار»[93].

شـۇنىڭدەك ئالـلاھ بىزنـى سـەگەك بولۇشـقا بۇيرۇغـان، غاپىللىققـا چۈشـۈپ قېلىشـتىن توسـقان ۋە كۆپىلگـەن كىشـىلەرنىڭ يېتەرسـىزلىكىنىڭ غەپلەتكـە چۈشـۈپ قېلىـش ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلىـش بىلـەن بىللـە ئۇنىـڭ زىيانلىـق تەرەپلىـرى ۋە خەتەرلىـك نەتىجىلىرىدىـن ئاگاھلاندۇرغـان. ئالـلاھ بـۇ ھەقتـە: «غاپىللاردىـن بولمىغىـن» دېگـەن[94]. يەنـە: «نۇرغـۇن كىشـىلەر، شـەك ـ شۈبھىسـىزكى، بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزدىـن غاپىلـدۇر» دېگـەن[95]. يەنـە: «شۈبھىسـىزكى، بىزنىـڭ ئالدىمىزغـا كېلىدىغانلىقىغـا ئىشـەنمەيدىغانلار، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىـن بەھرىمـەن بولـۇش بىلەنـلا رازى بولغانـلار ۋە ئۇنىـڭ بىلـەن ئـارام تاپقانـلار، بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزدىـن غاپىـل

[92] زارىيات سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.
[93] ئىبراھىم سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.
[94] ئەئراف سۈرىسى، 205 ـ ئايەت.
[95] يۇنۇس سۈرىسى، 92 ـ ئايەت.

بولغانلاردۇر، ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ»[96].

ئى مۇسۇلمان! ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانغىلى بولىدىغان كۈنلەردە پايدىلانغىن، قىيامەت كۈنى بولغاندا بۇ دۇنيادا پايدىلانغان كىشىلەردىن باشقىسى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ: «(گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەنىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن»[97].

## ئاللاھنى ئەسلەشكە ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەر

ئاللاھ زىكىر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان كۆپلىگەن ۋاستىلەرنى يولغا قويغان. بۇ ۋاستىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى: قۇرئان كەرىم ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش، تەپەككۇر قىلىش، راستچىل مۇرەببىي ئالىملار ۋە ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش، ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇ ئىشلارنىڭ زىكىر قىلىش بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. قۇرئان كەرىم ئوقۇش: قۇرئان كەرىمدىكى ھەقىقەتلەرنى، ۋەز -نەسىھەتلەرنى، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ۋە ئەسلەتمىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇشتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىزنىڭ ساڭا

[96] يۇنۇس سۈرىسى، 7-8 - ئايەت.

[97] فەجىر سۈرىسى، 23 - ئايەت.

ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز - نەسىھەت بار» دېگەن[98]. يەنە: «(ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن» دېگەن[99]. يەنە: «بىز كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق» دېگەن[100]. يەنە: «(ئى مۇھەممەد!) بۇ بىز نازىل قىلغان ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلغان بىر سۈرىدۇر. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق» دېگەن[101].

2. ئاللاھنى ئەسلەش: ئاللاھنى سەممىي ئەسلەش، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ھەر زامان ئېڭىدا ھازىر قىلىش، ئۇ زاتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇ زاتنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ

[98] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51 - ئايەت.
[99] ئەئراف سۈرىسى، 2 - ئايەت.
[100] زۇمەر سۈرىسى، 27 - ئايەت.
[101] نۇر سۈرىسى، 1 - ئايەت.

بەردى» دېگەن[102]. كېچە - كۈندۈزنىڭ تۈرلۈك ۋاقىتلىرى ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىتتۇر.

3. تەپەككۇر قىلىش: ئاللاھنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، مەخلۇقاتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئەقىل يۈرگۈزۈشتۇر. ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە مەخلۇقاتلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئەسلەش ۋە ۋەز - نەسىھەت ئېلىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن: «ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار»[103]. يەنە: «شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار، سىلەر (ئاللاھنىڭ سىلەرنى دەسلەپ ياراتقاندەك قايتا يارىتىشىنى) ئويلىمامسىلەر؟» [104].

4. ئالىملار، ياخشىلار ۋە راستچىل كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بۇنى (يەنى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىنى) بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن» دېگەن[105]. ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان كىشىدىن سورىسىڭىز سىزگە ئاللاھنى تونۇتىدۇ، ئاللاھنى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ۋە دەرسلىرىنى ئاڭلايسىز، ئۇ سىزگە ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىگە

[102] فۇرقان سۈرىسى، 62 - ئايەت.
[103] نەھل سۈرىسى، 13 - ئايەت.
[104] ۋاقىئە سۈرىسى، 62 - ئايەت.
[105] فۇرقان سۈرىسى، 59 - ئايەت.

ۋەھـــي قىلىــش ئارقىلىــق مەقســەت قىلغــان كۆرســەتمىلىرنى يەتكۈزىــدۇ. ئالــلاھ بــۇ ھەقتــە: «شۇبھىســىزكى بىــز قۇرئاننــى ۋەز ـ نەســىھەت ئالســۇن دەپ، ئۇلارغــا ئۇزۇلدۇرمــەي چۈشــۈردۇق» دېگــەن[106].

مۇرەببىي ئالىملارنىڭ كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن توختاپ قالماسلىقى ئۇلارنىــڭ ۋەزىپىســىدۇر: «(ئــى مۇھەممەد!) نېمــە بىلىســەن؟ (بەلكــى) ئــۇ (ســەندىن ئالغــان مەرىپــەت بىلەن گۇناھلىرىدىــن) پاكلىنىشــى مۇمكىــن، ياكــى ۋەز ـ نەســىھەت ئــاڭلاپ ئۇنىڭدىــن پايدىلىنىشــى مۇمكىــن» [107].

ئەقــدە ئۇســتازىنىڭ ۋەزىپىســى ئەقــدە ۋە ھەقىقەتلەرنــى يەتكــۈزۈش بولســا، تەربىيــە ئۇســتازلىرىمۇ ھــەم ئۇلارنــى ئەســلىتىپ تۇرىــدۇ. فىقھــي ئۇســتازىنىڭ ۋەزىپىســى ئەمەلــي ئەھكاملارنــى يەتكــۈزۈش بولســا، تەربىيــە ئۇســتازلىرىمۇ ئــۇ ئەھكاملارنــى ئۆگىنىــش ۋە ئۇنىڭغــا ئەمــەل قىلىشــنىڭ ۋاجىبلىقىنــى ئەســلىتىدۇ. تەربىيــە ئۇســتازىنىڭ ۋەزىپىســى قەلبلەرنــى ھەرىكەتلەنــدۈرۈش، ئەقىدىنىــڭ تەقەززاســى بويىچە ئەمەل قىلىشقا تەشــەببۇس قىلىش، ئاللاھنىڭ كۆرســەتمىلىرىگە قىزىقتــۇرۇش ۋە بــۇ ئىشــنىڭ ســاۋابى، پەزىلىتــى، ئۇلۇغلۇقــى ۋە مۇھىملىقىنى بايان قىلىشتۇر. قەلبنى پاكلايدىغان تەربىيە ئۇســتازىنىڭ كۆپلــەپ قىلىدىغــان ئىــش ـ ھەرىكىتــى قەلــب ۋە ئۇنىڭغــا تەســىر كۆرسىتىشــكە مۇناســىۋەتلىك بولىــدۇ.

5. ئىبــادەت: بــەدەن بىلــەن ئــادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ

---

[106] قەسەس سۈرىسى، 51 - ئايەت.

[107] ئەبەسە سۈرىسى، 3 - 4 - ئايەتلەر.

ھەممىسى قەلبكە ئىمان ھەقىقەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، چۈنكى ئاشكارا قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىبادەت ۋە ھەرقانداق بىر جىسمانىي ئىش ـ ھەرىكەت قەلبىي ھەقىقەتلەرنى غىزالاندۇرۇش ۋە ئەسلىتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. مەسىلەن، سەجدە قىلىش ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە بەندىنىڭ خار ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ، زاكات بولسا دۇنيانىڭ ئاددىي نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق ئۇنى قەلبتىن چىقىرىۋېتىشنى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىشنى ئەسلىتىدۇ، شۇنىڭدەك قەلبنىڭ يۇمشاقلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا خەير ـ ئېھسانىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ. روزا بولسا ئىنسانىنىڭ كەمبەغەللىكى، ئۇنىڭ موھتاجلىقى ۋە ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن يېمەك ـ ئىچمەككە مەجبۇر بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە موھتاج بولىدىغان ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكى ۋە نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىدىن پاكلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسلىتىدۇ. جىھاد بولسا جان ۋە مال ـ دۇنيانىڭ ئاللاھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ، ئەگەر ئاللاھ بۇ ئىككى نەرسىنى بىر بەندىدىن تەلەپ قىلسا، ئۇ بەندە رازى بولغان ۋە بويسۇنغان ھالدا سەرپ قىلىدۇ. ھەج بولسا ئاللاھنىڭ تۈرلۈك نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى ئەسلىتىدۇ، شۇنداقلا زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش مەيدانلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

دېمەك، بىز بۇ ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھەقىقەتلەرنى ئەسلىيەلەيمىز ھەمدە غاپىللىق ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. ئىبادەت قانچە كۆپ بولسا، ئەسلەش شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ

قەلبنى ئويغىتىشتىكى تەسىرلىرى ۋە ساغلام قەلبنىڭ شۇكۇر ئېيتىش، سەۋر قىلىش، قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، ئىخلاس قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، ئۈنس - ئۈلپەت ئېلىش، ياخشى كۆرۈش... دېگەندەك سۈپەتلىرىنى هاسىل قىلىدىغان ئەهۋاللىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ

تۇغرا ئوي - پىكىرلەرنى كۆپ تەكرارلىغانچە ۋە قانائەت بىلەن كۆپ ئەسلىگەنچە، بۇلار قەلبتە ئورۇنلىشىشقا باشلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەنىلىرى ۋە تەقەززالىرى كۈچلىنىپ، ئىنساننى ئۆزلۈكىدىن ئىش - ھەرىكەتكە يۈزلىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ قەلبىي ئەهۋاللار نەپسنىڭ خاراكتېرىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىش - ھەرىكەتلەرمۇ ئىنسان ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن، ئىككىلەنمەستىن ياكى توختاپ قالماستىن ھەرىكەت قىلىدىغان خاراكتېرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئىبادەت ئاز بولغانچە، ئەسلەش ئازىيىپ كېتىدۇ ۋە غەپلەت ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، رىياخورلۇق، نېمەتكە تېنىش، ۋاجىب ئىشلاردىن ۋە تۈرلۈك سىناقلاردىن سىقىلىش، تەكەببۇرلۇق قىلىش، دۇنياغا دۇم چۈشۈش، پەقەتلا ماددىي سەۋەبكە ئېسىلىشقا ئوخشاش قەلبنىڭ ناچار سۈپەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان قەلبىي كېسەللەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئاللاھ، ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلەش ۋە زىكىر قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» دېگەن[108]. يەنە: «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد

---

[108] تاھا سۈرىسى، 14 - ئايەت.

ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى ھەمراھ قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن[109]. يەنە: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» دېگەن[110]. ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە ئەھكاملىرىنى زىكىر دەپ ئاتىغان، چۈنكى بۇ ئەھكاملار ئاللاھنى ۋە ئاللاھ ھەققىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسلىتىدۇ.

بىز تۆۋەندە قەلبىنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىكى ساغلام ھەربىر سۈپەت ھەققىدە ئاشۇ سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلىش، كۈچلەندۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان توغرا ئوي - پىكىرلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.



[109] زوخرۇف سۈرىسى، 36 - ئايەت.
[110] تاھا سۈرىسى، 124 - ئايەت.

## 8. قەلبىنىڭ توغرا ئارزۇلىرى توغرىسىدا

ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبى بولىدۇ، بۇ قەلبتە ھەر زامان ئوي ـ خىياللار، پىكىرلەر، سۆزلەر ۋە ئەندىشىلەر ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇ قەلبكە دائىم دېگۈدەك ئىلھاملار ۋە ۋەسۋەسىلەر كىرىپ تۇرىدۇ. بۇ قەلبكە ياخشىلىق، يامانلىق، ھەقىقەت ۋە باتىلدىن ئىبارەت ھەممە ئوي ـ پىكىرلەر كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغانىكەن قەلبنى ياخشى ئوي ـ پىكىرلەرگە يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇشى ۋە مۇقىملاشتۇرۇشى، قەلبى ۋە نەپسىگە يامان ئوي ـ پىكىرلەرنى يامان كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن قېچىشى ۋە ئىنكار قىلىشى ئىنساننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا بولغان بۇ قەلبىي مايىللىق ھەقىقەتكە قارىتا ئەقلىي جەھەتتىن قانائەتلىنىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پايدا ـ مەنپەئەتكە مەنۇنىيەت بولمىسا، ھاسىل بولمايدۇ. باتىل ۋە يامانلىقنى قەلبىدىن يامان كۆرۈش يامانلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيانلارغا قانائەتلىنىشنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.

شۇڭا، دەسلەپكى قەلبىي ھەرىكەت ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى سۆيۈشتۇر، ئۇنىڭغا قىزىقىش ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن كۆرسەتمىلەرگە ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق دېگەن تۇيغۇدا مايىل بولۇشتۇر. مۇنداق بولغاندا كىشىگە ياخشى بىر ئوي ـ پىكىر كېلىپ قالسا ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە قىزىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا

يامان بىر ئوي - پىكىر كېلىپ قالسا ئۇنى رەت قىلىدۇ، ئىنكار قىلىدۇ، يامان كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالمايدۇ. ئاللاھ، تەۋبە قىلىپ قىزىقىشىنى توغرىلىغان بۇ قەلبكە ئىشارەت قىلغان: «بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز»[111] يەنى ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغۇچىلارمىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھەقىقەتكە قىزىققان ۋاقتىدا باتىلدىن قاچقان، ئۇنى يامان كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا : «ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن» دېگەن[112].

رەسۇلۇللاھ قەلبلەرگە تەگلىنىپ تۇرىدىغان يامان ئوي - خىياللار ھەققىدە توختالغاندا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان، يامانلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان ئىككى تۈرلۈك قەلبكە ئىشارەت قىلىپ: «قانداق بىر قەلب بۇ پىتنىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولسا، ئۇ قەلبتە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ، قانداق بىر قەلب ئۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ قەلبتە ئاق چېكىت پەيدا بولىدۇ» دېگەن[113].



---

[111] قەلەم سۈرىسى، 32 - ئايەت.

[112] مەريەم سۈرىسى، 46 - ئايەت.

[113] مۇسلىم رىۋايىتى، -144 ھەدىس.

شۇنىڭدەك يەنە رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان؛ ئۇلارنىڭ بىرى، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدۇ، يەنە بىرى، باتىل ۋە يامانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ رامىزاندا بايان قىلغان سۆزىدە: «‹ئى ياخشىلىقنى ئىزدىگۈچى، ياخشىلىققا يۈزلەنگىن، بۇ ياخشىلىق قىلىدىغان ۋاقىتتۇر. ئى يامانلىقنى ئىزدىگۈچى، توختىغىن، تەۋبە قىلغىن، بۇ تەۋبە قىلىدىغان ۋاقىتتۇر› دېيىلىدۇ» دېگەن[114].

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «ھەقىقەتنى تونۇش ۋە قانائەتلىنىشنىڭ ھاسىل بولۇشى» ئىنساننىڭ قەلبىدە ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە يېنىش ۋە ۋە يۈزلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ تەرەپكە يېنىش ياخشىلىق ئارزۇسى ۋە توغرا ئوي - پىكىرلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، ئىنساننىڭ قەلبىنى ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەلب ساغلام ۋە ئەسلى ھالىتىدە بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىر - بىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «پەقەت ئاللاھنىڭ تائەتىگە قايتقان كىشىلەرلا (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ» دېگەن[115].

بىلىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولغاندا قەلبنىڭ مايىللىقى ۋە قىزىقىشى توغرا بولىدۇ، بۇ چاغدا قەلب ئەقىل يەتكەن ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر قەلبتە قەلبنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرىۋېتىدىغان ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىغا

[114] تىرمىزى رىۋايىتى، 682 - ھەدىس؛ نەسائىي رىۋايىتى، 2100 - ھەدىس.

[115] غاپىر سۈرىسى، 13 - ئايەت.

توسالغۇ بولىدىغان كېسەل بولمىسا، ئۇ چاغدا، ئەقىلنىڭ توغرا بىلىشىگە ئاساسەن قەلبتە توغرا ئارزۇنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي ئىش بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلىنى ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدە بايقىيالايسىز: «ئەقىلسىزلەردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ»[116]. بۇ ئايەتكە ئاساسەن كىم ھەقىقەتكە قىزىقىدىكەن ئەقىللىق ۋە توغرا يول تاپقان بولىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان ۋە توغرا يول ئىزدەنمەيدىغان ئەقىلسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئەقىل ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى بىلەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى يامانلىق ۋە باتىلدىن ئايرىيالايدۇ. ئەگەر قەلب ئەقىل تونۇپ يەتكەن ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى ئىزدەيدىغان بولسا، بۇ ياخشى ئىشتۇر ۋە ئۇ قەلب ئەقىللىق قەلبتۇر: «ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان دىللىرى بولىدۇ»[117].

قەلبنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىشى بىلەن ئىنسان ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «سىلەرنىڭ قايسىبىرىڭلارنىڭ قىزىقىشى مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغۇچە مۆمىن ھېسابلانمايسىلەر» دېگەن[118].

ئەقىل ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە قارشى كېلىدىغان، ھېسسىياتى، مايىللىقى ۋە قىزىقىشىنى باشقا ئاساستا

---

[116] بەقەر سۈرىسى، 130 - ئايەت.

[117] ھەج سۈرىسى، 46 - ئايەت.

[118] قىرىق ھەدىس، 41 - ھەدىس .

قۇرۇپ چىقىدىغان قەلب توغرا يولدىن بۇرالغان ۋە بۇزۇلغان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، «ئويلانمامسىلەر؟»[119] دېگەن خىتاب كاپىرلارنى ئەقىل ۋە ئەقىل تونۇپ يەتكەن ھەقىقىي مەلۇماتلارغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قارىتىلغان.

مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقى ھەمدە ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى زاتنىڭ ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ياخشىلىققا قىزىقىدىغان كىشى ھىدايەت، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاللاھقا ئىنتىلىشى لازىم. ئى ھەقىقەتنى بىلىشتە راستچىل بولغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل، چۈشەنچە ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت سەۋەبلەرنى قوللىنىۋاتقان كىشى! ھەممىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە بىلگۈچى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىڭ ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭ، چۈنكى ئۇ زات: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن[120].

شۇڭا، سىز ئاللاھتىن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىشنى، بىلىش ۋە چۈشەنچىدە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىڭ، چۈنكى ئاللاھ ھىدايەتنى تەلەپ قىلغان ۋە سورىغان كىشىگە بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان. ھەدىس قۇدۇسىدا كېلىشىچە، ئاللاھ:

---

[119] بەقەر سۈرىسى، 44 - ئايەت.

[120] بەقەر سۈرىسى، 255 - ئايەت.

«مەندىن ھىدايەت تەلەپ قىلساڭلار، ھىدايەت قىلىمەن» دېگەن[121].

كىم ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكە سەممىي يۈزلەنسە، ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق، ھەقىقەت ۋە ئىماننى ياخشى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى بۇ ھىدايەت ۋە ياخشى كۆرسىتىش پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدىن كېلىدۇ: «لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پاسىقلىقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر»[122].

قانداق بىر كىشىدە ئەقلىي قانائەتلىنىشكە مۇراجىئەت قىلىدىغان قەلبىي قىزىقىش بولسا، بۇ ئاشۇ قىزىقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا لايىق بولىدۇ. بۇ كىشىگە ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇش باشقا ھەرقانداق ئىشقا قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ كىشىدە ئۆزىنى پاكلاش ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئاساس تېپىلىدۇ. بىراق، بۇ ئاساس ئەسلىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق مۇستەھكەملەشكە، تەكىتلەشكە ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ.

مۇسۇلماندا ئىتائەت قىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئامىل جەننەتنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ئىتائەت قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ

---

[121] مۇسلىم رىۋايىتى، 2577 - ھەدىس.

[122] ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 - ئايەت.

شەكىللىنىشى ئۈچۈن ۋە دۇنيا قىزىقىشىدىن بەكرەك ئاخىرەت قىزىقىشىغا ئىېسىلىشىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن، جەننەت ۋە ئۇنىڭ سۆيەتلىرىنى تونۇتۇش ۋە ئەسلىتىش ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئىبادەتلەر ۋە ئىتائەتلەرنىڭ نەتىجىلىرى، ساۋابلىرى ۋە ياخشىلىقلىرىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى جەننەتكە باغلاپ بايان قىلغان يۈزلىگەن دەلىللەر كەلگەن. بۇ ۋەجىدىن، مەن پىكرىي نۇقتىدىن جەننەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئايرىم توختالدىم، شۇنداقلا بىزنى ساۋاب، مۇكاپات ۋە ياخشىلىقنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە قىزىقتۇرىدىغان كۆپلىگەن دەلىللەرنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بەردىم.

ئىنساننىڭ نەپس خاھىشلىرىغا بىرىلىپ كېتىپ ھەقىقەتكە سەل قاراپ قالماسلىقى ھەمدە شەھۋەتلەر ۋە خىيالىي ئارزۇلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھارام خاھىشلاردىن ۋە گۇناھ خاراكتېردىكى ئىشلاردىن قورقىتىدىغان كۆپلىگەن دەلىللەرمۇ كەلگەن، چۈنكى ئىنساندا قورقۇنچ پەيدا قىلالايدىغان ئەڭ بۈيۈك نەرسە دوزاخنى بىلىشتۇر. شۇڭا، كۆپلىگەن دەلىللەر دوزاخ ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ئۈستىدە توختالغان.



## ئوي - پىكىر قىزىقىش پەيدا قىلالايدۇ، قىزىقىش بولسا ئوي - پىكىر پەيدا قىلالايدۇ

ئەگەر ئىنسان ئاخىرەت ۋە جەننەتنى ئەسلەشكە، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتلىرىنى ئەسلەشكە كۈچ چىقارسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا ساغلام ۋە كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئىنساندىكى ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت قىزىقىشى كۈچلۈك بولسا، ئۇنى

ھېچقانداق جاپا ـ مۇشەققەت تارتمىغان ياكى ياساللىق قىلمىغان ھالدا ھەقىقەتنى بايان قىلىدىغان ۋە ئەسلەيدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ.

بۇ چاغدا، ئىنسان راۋۇرۇس يۈكسەلگەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھقا يۈزلەنگەن ھالەتتە تۇرىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ھېچقانداق بىر نەرسە چېچىۋەتەلمەيدۇ، شەھۋەت ياكى بىھۇدە ئىش تارتىپ كېتەلمەيدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن باشقىسى جەلب قىلالمايدۇ.

ئەكسىچە بولغاندا، بىراۋنىڭ قىزىقىشى بىھۇدە ئىشلار ۋە شەھۋەتلەر بولسا ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى شەھۋەتلىرى چىرمىۋالىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى تەۋبە قىلاي دېسە، ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ شەھۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشى يامان ۋە بۇزۇق ئوي ـ پىكىرلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ھەقىقەتكە تەۋە ئوي ـ پىكىرلەرنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشقا ۋە جاپا چېكىشكە موھتاج بولىدۇ.

مۇنداق ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى سۈزۈكلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئۇ كىشىنىڭ شەھۋەت ئورۇنلىرىدىن، ئۇ تۈردىكى يامان كىشىلەردىن ۋە ئۇنى ئەسلىتىپ قويىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشتۇر. ئەگەر ئىنسان شەھۋەتلەردىن، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ۋە ئۇ تۈردىكى يامان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇپ، زىكىر ئېيتىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلارغا ھەمراھ بولۇش بىلەن مەشغۇل

بولسا، قەلبىنىڭ تېزلا ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىيالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بىر مەزگىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋە جەمئىيەتتىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ قەلبنى تېز ئىسلاھ قىلىشتا، پاكلاشتا، سۈزۈكلەشتۈرۈشتە ۋە ئوي - پىكىرلىرىنى باشقا نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەجايىپ تەسىرى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ساغلام قىزىقىشىنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇشى ۋە ئالالھنىڭ ئۇلارنى قانداق ھۆرمەتلىگەنلىكىنى بىلىشى، ئۇ كىشىنىڭ ھىممىتىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلاردەك ئىش - ھەرىكەت قىلىپ ئۇلارغا ئوخشاش مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

# 9. توغرا ئىرادە توغرىسىدا

قەلبنى پاكلاشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى قەلبنىڭ ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكە قىزىقىدىغان بولۇشىدۇر. قەلبتىكى بۇ قىزىقىش ساغلام ئىرادىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆز- ئۆزىگە ياخشىلىق ھەققىدە خىتاب قىلغانسىرى، كۆڭلىدە ياخشىلىقنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەقىقەتنىڭ جامالىنى چوڭقۇرلاشتۇرغانسىرى ۋە بۇنى ئۆزىگە ئەسلىتىپ تۇرغانسىرى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ياخشىلىق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاندىن ھەقىقەتنى كۆپ سۆزلەپ بېرىش، ھەقىقەتنى ئەسلەش، ئۇنىڭغا مايىل بولۇش، ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە گۈزەللىكىنى ھېس قىلىش نەتىجىسىدە ياخشىلىققا بولغان ئىرادە ۋە چىڭ تۇرۇش شەكىللىنىدۇ. كىم ساغلام بىر ئىشقا ئىرادە باغلىغان بولسا، دېمەك ئۇ ساغلام نىيەتلىك كىشىدۇر. ئەگەر ئۇ نىيىتىگە سادىق بولسا ۋە چىڭ تۇرسا، دېمەك ئۇ ئىرادىلىك كىشىدۇر، ياخشىلىققا قىزىقىدىغان راستچىل كىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ رىغبىتىدە راستچىل بولۇپ، ئۇنىڭغا توغرا ئىرادە ۋە سەممىي كەسكىن نىيەت بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت قىلغان كىشىدۇر.

ئىنسان ياخشىلىق، ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى ئەسلىگەنسېرى ئىرادىسى كۈچىيىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ھەرىكەت قىلىدىغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ

ھەقىقەتكە بولغان ئەقلىي قانائەتنىڭ ئاساسىي ئىمانىدۇر. ئۇنىڭ ئەقىل، ئىلىم ـ مەرىپەت، توغرا ئېتىقادقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئارزۇلىرىنى ۋە نىيەتلىرىنى ھاسىل قىلىۋاتقان نەرسە دەل ئۇنىڭ قەلبىي ئىرادىسىدۇر. ئۇنىڭ قەلبىي ئىرادىسى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئاندىن ئىش ـ ھەرىكەت ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەلبىي پاكلىنىش ھەرىكىتى تولۇقلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ئىشلار توغرىسىدا: «كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ» دېگەن[123]. ئىنسان بۇ ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ قىلسا، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ پەزلى، ئېھسانى ۋە ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتقان بولىدۇ.

تەلەپ قىلىنىۋاتقان قەلبىي ئىرادە ئىنسان ھاياتىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشتا ھەمراھ بولىدۇ، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىش يا باتىل ئىرادە بىلەن بولىدۇ، ياكى ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى گەپ ـ سۆز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن قەلبنىڭ ئىرادىسى بولۇشى كېرەك ۋە شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يۈزلەنگەن بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولغاندا ئۇ كىشىنىڭ ھالىتى: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان

---

[123] ئىسرا سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.

پائالىيەتلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر>»[124] دېگەن ئايەتكە ماس كەلگەن بولىدۇ. دېمەك، مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز، پائالىيەت ۋە ئىبادەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە قەلبلىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يۈزلەندۈرگەن مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن» دەيدۇ[125].

يۇقارىدىكىلەردىن قەلبىي ئىرادىنىڭ ئىككى ئىشتا بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز: بىرى، ياخشى ئىشلارنى ۋە ھەقىقەتنى ئىرادە قىلىش، ئاندىن بۇ ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىشتۇر. يەنە بىرى، ھەممە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھتىن باشقىنى ئىرادە قىلماسلىق ياكى باشقىلارنى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلماسلىقتۇر.

بۇ تۆردىكى ئىرادە ئىگىسىنىڭ بارلىق يۈزلىنىشى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ھىجرەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «كىمنىڭ قىلغان ھىجرىتى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھىجرىتى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ھىجرەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن[126]. بۇ ئارقىلىق

---

[124] ئەنئام سۈرىسى، 162 - ئايەت.

[125] ئەنئام سۈرىسى، 52 - ئايەت.

[126] بۇخارى رىۋايىتى، -1 ھەدىس.

خۇددى ئۇ باشقىسىدىن قېچىۋاتقاندەك ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە يۈزلەنگەن بولىدۇ: «ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىڭلار)، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»[127]. يەنە: «ئىبراھىم: <مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر>» دېگەن[128].

شۇنى بىلىش كېرەككى، ساغلام قەلب ئىرادىسىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان، ھاياتى ۋە پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشىنى ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولۇشىنى ئىرادە قىلغان كىشى، قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكىتىدە نىيىتى ئاللاھ ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكىتىنىڭ نىيىتى تەكەللۇپقا موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزلۈكىدىن تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ. ھەرقانداق كىشى توغرا قەلبىي ئىرادىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىسا، ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكەتتە ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇشنى ھاسىل قىلىشتا قىيىنچىلىق تارتمايدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا يولدا مېڭىشتىمۇ جاپا ھېس قىلمايدۇ.

دېمەك، ئىرادە ھەرقانداق گەپ - سۆز، قەلبىي ۋە جىسمانىي ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سەممىي ۋە ئومۇمىي نىيەتتۇر. بۇ ئىرادە ئارقىلىق

[127] زارىيات سۈرىسى، 50 - ئايەت.
[128] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 26 - ئايەت.

ھەرقانـداق بىـر ئىـش ـ ھەرىكەتتـە نىيـەت خالىس ۋە راسـتچىل بولىـدۇ.

شـۇنى بىلىـش كېرەككـى، پاكلاشـنىڭ ئاساسـى ئىنسـانىنىڭ ئەقلـى ۋە قەلبىدىـن ئىبـارەت ئىچكى دۇنياسـىدىن پەيدا بولىدۇ. ھەرقانـداق بىـر پـاكلاش ھەرىكىتـى ئىنسـانىنىڭ ياخشـىلىنىش، ياخشـىلىق ۋە ھەقىقەتكـە ئىـچـ ئىچىدىـن قىزىقـش، باتىـل ۋە يامانلىقنـى رەت قىلىشـتىن كېلىـپ چىقمىسـا، پـاكلاش ھېسـابلانمايدۇ، بەلكـى ئـۇ ئىگىسـىگە پايـدا يەتكۈزمەيدىغـان شـەكلىي پـاكلاش بولـۇپ قالىـدۇ. ھەرقانـداق بىـر كىشـىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى شـەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسـىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەخلاقلىـرى سـىرتقى كۆرۈنۈشـىدە گـۈزەل بولسـىمۇ، لېكىـن ئـۇ ئارقىلىـق ئاللاھنىـڭ رازىلىقىنـى مەقسـەت قىلمىغـان بولسـا، بـۇ ئىـش ئاللاھنىـڭ نەزىرىـدە ھېچنېمىگـە يارىمايـدۇ ۋە ئاخىرەتتـە ئۇنـى قۇتقۇزالمايـدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئۆزىدە ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا قىزىقتۇرىدىغان، تەشەببۇس قىلىدىغان قەلبىي ۋە ئەقلىي ھالەت بار دەپ قارىغان، ئەمما ئۇنىـڭ نەتىجىسـى ئىنسـانىنىڭ سـىرتقى دۇنياسـىدا، ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىـدە ۋە گـەپ ـ سـۆزلىرىدە نامايـەن بولمىسـا، بـۇ ئۇنىـڭ ئىچكـى دۇنياسـىدا سـەممىي بولمىغانلىقىنىـڭ دەلىلىدۇر. شـۇڭا، ئىچكـى دۇنياسـىدا ئاشـۇ نىيـەت ۋە قىزىقىـش قانچىلىـك مىقداردا راسـتچىل بولسا، شـۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆزىنى پاكلىغان بولىدۇ. قانداق بىر كىشـى ئىچكى دۇنياسـى جەھەتتىن راسـتچىل بولـۇپ، سـىرتقى جەھەتتىـن ئەمەلـدە كۆرسىتىشـكە بىـرەر ئامىـل توسـالغۇ بولۇۋالغـان بولسـا، ئـۇ ئۆزىنـى پاكلىغـان كىشـىلەرنىڭ

قاتاردىن سانىلىدۇ. بۇ چاغدا توسالغۇ ئامىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىش - ھەرىكەتلەر سىرتقى ئەزالىرىدا كۆرۈنمىسىمۇ زىيىنى بولمايدۇ.

ئەگەر ئىنساننىڭ مايىلچانلىقى، قىزىقىشى، يۈزلىنىشى، نىيىتى ۋە ئىرادە قىلغان ئىشلىرى ساغلام بولسا، ھەمدە ئۇ كىشى ياخشىلىق، ياخشىلىنىش، ھىدايەت، مېھرىبانلىق، پەزىلەت، خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كائىنات بىلەن ۋە بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى بىلەن ماسلىشىشنى ئىرادە قىلىدىغان بولسا، دېمەك، ئۇ ساغلام قەلبتۇر. ئەگەر بۇ قەلب تېپىلسا، ئەزالار تىلدىن باشلاپ ياخشىلىق، ئىتائەت، ياخشىلىنىش ۋە پايدا - مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يۈزلىنىدۇ.

ئاندىن ئەزالار ئۈزۈنىدىغان ياخشىلىقلار قەلبكە ھاياتلىق، نۇر ۋە تەقۋالىقنى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). قىيامەت كۈنى سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر» دېگەن[129]. يەنە: «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە

[129] ئەنفال سۈرىسى، 24 - ئايەت.

سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن[130]. يەنە: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلارئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەن[131].

ئەزالار قىلىۋاتقان يامانلىقلار قەلبكە قاراڭغۇلۇق، چىرىكلىك ۋە باغرى تاشلىق پەيدا قىلىدۇ: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن»[132].

ئاللاھنىڭ: «بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)»[133] دېگەن سۆزى ئاللاھنىڭ سىز بىلەن ئىرادىڭىزنىڭ ئارىسىغا توسالغا بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇ سىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىز ۋە گۇناھلىرىڭىز تۈپەيلى بولىدۇ. شۇڭا، گۇناھلاردىن ئاگاھ بولۇڭ، چۈنكى گۇناھلار ئىرادىنى بۇزۇۋېتىدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.



---

[130] ھەدىت سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[131] بەقەر سۈرىسى، 21 - ئايەت.

[132] مۇتەففىن سۈرىسى، 14 - ئايەت.

[133] ئەنفال سۈرىسى، 24 - ئايەت.

## 10. نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش ۋە نەپسى خاھىشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا

ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا قارىتا قەلبىي جەھەتتىن قىزىقىش بولغاندا، ئىنسان ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلىدۇ ۋە ئەمەل قىلىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا جاپا ھېس قىلماستىن ياخشىلىققا قارىتا كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، راھەت ۋە بويسۇنۇش تۇيغۇسىنى ھېس قىلالايدۇ. قەلب ساغلام بولغان تەبىئىي ۋەزىيەتتە ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا جاپا تارتىش ھالىتى كۆرۈلمەيدۇ.

ھەقىقەتكە ئەقلىي جەھەتتىن قانائەتلىنىش بولسىمۇ، لېكىن قەلبتە كېسەل بولسا، ياكى باتىلغا مايىلچانلىق ۋە قىزىقىش بولغان ئەھۋالدا ئىنسان ئۆز قەلبىدىكى باتىل قىزىقىشقا تاقابىل تۇرۇشى لازىم، يەنە ئۆزىنى ھەقىقەت ۋە ئەقلگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەلبىي توسالغۇلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. بۇ ۋەجىدىن، ئىنساننىڭ توغرا يول ۋە تولۇق ھىدايەتكە يېتەلىشى ئۈچۈن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ھەقىقىي مەنپەئەتكە قارىتا ساغلام ئارزۇ ۋە مايىلچانلىق تېپىلسا ھەمدە باتىل، يامانلىق، شەھۋەت ۋە چىرىكلىك تېپىلمىسا، ئىرادە ساغلام

ۋە توغرا بولغان بولىدۇ. ئەمما كۆڭۈلدە بىرەر شەھۋەت ياكى مايىلچانلىق ۋە نەپسى خاھىش تېپىلىپ قالسا، قەلبتىكى ئارزۇلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغدا، قەلب ئىككى خىل ئارزۇ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، بەزىدە بۇ تۈردىكى ئارزۇغا ئۇيغۇن ئىرادە تېپىلىدۇ، بەزىدە باشقىچە تۈردىكىگە ئۇيغۇن ئىرادە تېپىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ قەلبلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۇ قەلبلەرنىڭ ئىچىدە ئارزۇلار ۋە مايىلچانلىقلار تالىشىدىغان قەلبنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ: «ئەمما ئىككى يۈزلىمە قەلب بولسا، بۇ قەلبتە ئىمان ۋە مۇناپىقلىق تېپىلىدۇ، بۇ قەلبتىكى ئىماننىڭ مىسالى پاك سۇ تەمىنلەپ تۇرغان ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. مۇناپىقلىقنىڭ مىسالى يىرىڭ ۋە قان تەمىنلەپ تۇرغان جاراھەتكە ئوخشايدۇ، بۇ ئىككى تەمىناتنىڭ قايسىسى كۈچلۈك كېلىپ كەتسە، ئۇ غالىب كېلىدۇ» دېگەن[134].

شۇڭا، قەلبنى پاكلىماقچى بولغان كىشى بۇ خىل ھالەتتە بولسا، توغرا ئارزۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە يامان ئارزۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر قەلبنى بىھۇدە ئىشلار، يامان ئىشلار، شەھۋەتلەر ۋە بۇزۇقچىلىقلار بېسىپ كەتسە، ئۇنىڭغا تىركىشىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش كېرەك ۋە بۇ ئارزۇنىڭ ئىرادىگە ۋە يامان بىر ئىشقا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئارزۇنى ئۈزۈپ تاشلاش لازىم. رەسۇلۇللاھ ئىنسانىنىڭ نەپسىگە قارشى تۇرۇشى ۋە باتىل تەرەپكە جىھاد قىلىشىنىڭ مۇھىملىقىغا

---

[134] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 11145 - ھەدىس.

ئىشارەت قىلىپ: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھ يولىدا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشىدۇر» دېگەن[135].

ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى خاتا ئارزۇغا قارشى تۇرۇش ئارزۇسى ئۇنى ھەقىقەتكە يۈزلىنىدىغان ۋە باتىلدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارزۇ يۈكسەلگەنسېرى باتىل ئارزۇلارنى چەكلەيدىغان بولىدۇ. ئىنسان بۇ ئارقىلىق ھىدايەت ۋە ھەقىقەتكە يېتەلەيدۇ، چۈنكى قەلبتە ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ھەقىقىي مەنپەئەتتىن باشقا ئارزۇ قالمايدۇ. ئاللاھ نەپسكە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ھىدايەتكە باشلايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ: «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دېگەن[136]. بۇ ئايەت نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ئىنساننى ھىدايەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇش ئازغۇنلۇقتۇر ۋە كۆڭۈلدىكى بۇرۇلۇشتۇر. ئەگەر ئىنسان نەپسىگە قارشى جىھاد قىلسا، ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى توغرا يولغا سالىدۇ.

نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىتائەتكە ئالاقىدار ئىشلارغا تەۋە مەسىلىدۇر. شۇڭا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ھېسابلانمايدىغان ئىشلار بولمىسا، مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە ئەزىيەت بېرىدىغان ۋە چارچىتىدىغان

---

[135] تىرمىزى رىۋايىتى، 1621 - ھەدىس.

[136] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 69 - ئايەت.

ئىشلار بىلەن ئۆزگىچە جاپا سېلىشى توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ قولىغا تىككەن سانجىپ باقسا، ساۋاب بولمايدۇ، بەلكى گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى نامازغا مېڭىش يولىدا مەقسەتسىز ھالدا پۇتىغا تىككەن كىرىپ كەتسە، ئۇ سەۋەبلىك ساۋاب ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇۋەتسە بۇ سەۋەبلىك گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ پۇتى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ سۇنۇپ كەتسە، ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئەگەر ئىنسان كۆڭلى خالىمايۋاتقان بىر ئىتائەتنى قىلىشتا، ياكى كۆڭلى قىزىقىۋاتقان ۋە ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر گۇناھنى تاشلاشتا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇ چاغدا چىداملىق بولۇش، بەرداشلىق بېرىش ۋە جىھاد قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىشلاردا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن، روزىنى كۆپ تۇتۇش، ياكى زىكرىنى كۆپ قىلىش، ياكى دائىم تاھارەت ئېلىپ تۇرۇش، ياكى ئۆزىنى ئالىملار ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ سورۇنلىرىغا كۆندۈرۈش ياكى پايدىسىز قۇرۇق گەپلەرنى قىلماسلىق ۋە ئېھتىياجىدىن ئارتۇق تاماقنى يېمەسلىككە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە جىھاد قىلىش ئېڭى ئومۇميۈزلۈك شەكىلدە كۈچلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى بۇرۇن قارشى تۇرالمىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتا كۈچى يېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە گۇناھ ئىشلارنى تاشلاشقا ياكى ئىتائەتكە ياتىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالايدۇ.

ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشى ۋە شەرىئەتكە

خىلاپ كېلىدىغان نەرسىگە مايىل بولۇشى ئازغۇنلۇق ۋە بۇرۇلۇش دەرۋازىسىنى ئېچىپ قويىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ھاكىم قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[137]. بۇ ۋەجىدىن، شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئىشلاردا نەپسىگە قارشى تۇرۇش لازىم، چۈنكى بۇ جەننەتنىڭ يولىدۇر: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ»[138].

ئىنساننىڭ ئىتائەت خاراكتېرلىك ئىشلىرىدا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش تېپىلغانسېرى، ئۇنىڭ ئەجرى كاتتا بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار

[137] ساد سۈرىسى، 26 ـ ئايەت.

[138] نازىئات سۈرىسى، 40 ـ 41 ـ ئايەت.

قىلىۋەتمەيدۇ» دېگەن[139]. نەپسىگە قارشى جىهاد قىلىش ۋە مۇشەققەت تارتىشتىن كېلىدىغان بۇ ساۋاب ئىنساننى ياخشى هالەتكە يۈكسەلدۈرىدۇ.

ئاللاهنىڭ بارلىقى، ئىلاھلىقى، پەرۋەردىگارلىقى، هۆكمى، قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش، پەيغەمبەرگە ئىشىنىش، قۇرئانغا ئىشىنىش، ئاخىرەتكە ئىشىنىش ۋە بارلىق ھەقىقەتكە ئىشىنىش قەلبتە سۈپەتلەر، ئارزۇلار ۋە ئىرادىلەر پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سۈپەتلەر ۋە ئىرادىلەر شەكىللەنمىسە، ئۇ چاغدا ئىنسان كۆڭلىنىڭ ھەقىقەتتە ئىزچىل دۇرۇس بولۇشى، نەپسنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇشى، نەپسنى قىزىقتۇرۇپ پاكلىشى ۋە قەلبتە مۇقىملىشىپ كەتكەن ھەقىقەتلەرنى ئەسلىشى ئۈچۈن، بىر ئاز جاپا چېكىشى ۋە نەپسىگە قارشى جىهاد ئېلىپ بېرىشى لازىم.

شۇڭا، ئىخلاس تەبىئىي خاراكتېرگە ئايلانغانغا قەدەر ئىخلاسمەن بولۇشقا كۈچ چىقىرىش، زاھىدلىق ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغانغا قەدەر زاھىد بولۇش، سەۋر قىلىش سۈپەتكە ئايلانغانغا قەدەر سەۋر قىلىش، تەۋەككۈل قىلىش ئادەتكە ئايلانغانغا قەدەر تەۋەككۈل قىلىش، ئاللاهتىن قورقۇش ئاللاهنىڭ غەزىپىدىن ساقلاش دەرىجىسىگە يۈكسەلگەنگە قەدەر سەممىي قورقۇش، ئاللاهقا بولغان ئۈمىدۋارلىق ياخشىلىققا تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە تەۋبىگە سەۋەب بولىدىغان ئادەتكە ئايلانغانغا قەدەر ئۈمىدۋار بولۇش، تەقۋا بولۇش ئۈچۈن يامان ئىشلاردىن ئېهتىيات قىلىش،

[139] تەۋبە سۈرىسى، 120 - ئايەت.

سىخى بولۇش ئۈچۈن سېخىلىق قىلىش، راستچىل بولۇش ئۈچۈن راست سۆزلەش ۋە ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشقا كۈچ چىقىرىشى لازىم. باشقا سۈپەتلەر ۋە قەلبىي ئەخلاقلار مۇشۇ رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ.

ئەگەر كۆڭۈل ھەقىقەتكە ئىنتىلىدىغان ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ئىتائەتنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، بۇ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر ۋە قەلبىنىڭ ساغلام بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ۋاقىتتا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا موھتاج بولمايدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ كەلسە، ئۇ چاغدا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن كەلسە، بۇ ئىش ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ئىتائەتكە ياردەم بېرىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەقىقەت مەسىلىسىدە بۇ كۆڭۈلگە قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ساغلام قەلبىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بەرپا قىلىشقا تىرىشىشى، شۇنداقلا قەلبى كېسەللەرنى بىلىشى، ئۇنىڭدىن داۋالىنىشى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى ۋە پاكلىنىشى لازىم. ئەگەر بۇ كېسەللەر ئۇ كىشىدە بولمىسا، پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىسۇن.

# 11. قەلبنىڭ سۈپەتلىنىش ۋە پاكلىنىش جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەتلىرى توغرىسىدا

## ئاللاھ سۈپەتلىنىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلار

ئىمان ئېيتىش، ئەقلىنى ئىشلىتىش، بىلىم ـ مەرىپەت، تەقۋالىق، تەۋبە قىلىش، كەمتەرلىك، تەۋەككۈل قىلىش، قورقۇش، زاھىدلىق، ئېيپەتلىك بولۇش، شۈكۈر قىلىش، سەۋر قىلىش، مۇلايىم بولۇش، ئاچچىقنى يۇتۇش، ئەپۇچان بولۇش، سىلىق بولۇش، يۇمشاق بولۇش، سېخى بولۇش، پاراسەتلىك بولۇش، ھېكمەتلىك بولۇش، قەيسەر بولۇش، ۋەدە ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئويلاش، ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، سۆزنەتكە ئەگىشىش، ئىشلارنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش، ئاللاھقا سېغىنىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش، باش ئېگىش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىدىن رازى بولۇش، ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ھايا قىلىش، ئاللاھ تەرەپكە قايتىش، ھارام ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىش، توغرا يولدا مېڭىش، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، قانائەتچان بولۇش، ئاللاھقا ئېسىلىش، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش، ياخشى ئىشلارغا ئالدىراش، ئىشلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە قىلىش، شەيتانغا قارشى تۇرۇش، ئىماندا چىڭ تۇرۇش، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۇلاش، ئاتا

ـ ئانغا ياخشىلىق قىلىش، رىئاللىقتا ئۇيغۇن ئارزۇ قىلىش، ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئويدا بولۇش، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان تائەت ـ ئىبادەتلەرگە قايغۇرۇش، ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن خۇرسەن بولۇش، ئىتائەت ۋە ئىماننى ياخشى كۆرۈش؛ كۇپۇرلۇق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقنى يامان كۆرۈش، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى سۆيۈش، ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا يامان كۆرۈش، سەگەك بولۇش، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى سېغىنىش، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۆمىنلەر ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئۆزىگە يامان كۆرگەن نەرسىنى ئۇلارغىمۇ يامان كۆرۈش، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن خۇرسەن بولۇش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ قالسا غەم قىلىش، قەلبنى ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەردىن خالىي قىلىش، راستچىل بولۇش، ئىخلاسمەن بولۇش، ياخشى نىيەتلىك بولۇش، كۆيۈنۈش، رەھىمدىل بولۇش، ئىچ ئاغرىتىش، ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە توسقان نەرسىلەرنى بىلىش، ئادىل بولۇش، ئەپۇچان بولۇش، نادان بىلەن تەڭ بولماسلىق، نادانغا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن جاۋاب بېرىش، ئاللاھقا ئاۋاز قوشۇش، ئۆتۈنۈۋېتىش، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولۇش، پايدىسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئاخىرەتنى كۆزلەش، قەلبنى پاكلاش، ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھ ھەققىدە ئۈمىدۋار بولۇش، تالاش ـ تارتىش بولغاندا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇراجىئەت قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ۋە قېرىنداشلىرىغا ئۆتۈنۈشتىن ئىبارەت.

## ئاللاھ ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلار

كۈپۈرلۈق، شېرىك، مۇناپىقلىق، رىياخورلۇق، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىش، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، شەھۋەتلەرنى ياخشى كۆرۈش، بېخىللىق، ئىسراپخورلۇق، قورقۇنچاقلىق، كىبىرلىك، ئۆز ـ ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، غەزەپ قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش، ھەسەت قىلىش، ئابرۇيپەرەسلىكنى ياخشى كۆرۈش، مال ـ دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈش، تەنقىد قىلىنىشنى يامان كۆرۈش، نەسىھەتنى يامان كۆرۈش، تەمەخورلۇق، مەغرۇرلىنىش، غاپىللىق، نىمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش، گۇمانغا ئەگىشىش، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىش، جامائەتتىن ئايرىلىش، دۇنيا بىلەن خوش بولۇپ كېتىش، دۇنياغا مايىل بولۇپ كېتىش، چىدىماسلىق، سەۋرسىزلىك، زۇلۇمنى ياخشى كۆرۈش، زىكىردىن يۈز ئۆرۈش، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىگە ئەگىشىش، ياسالمىلىق قىلىش، بىھۇدە ئىشلار، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، گۇناھتا چىڭ تۇرۇش، ئاللاھنىڭ تەدبىرىدىن غاپىل قېلىش، ئاللاھنىڭ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشىدىن ئۈمىدسىز بولۇش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇش، ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قان قىلىش، تەقدىرگە ئىشەنمەسلىك، بىدئەت پەيدا قىلىش، مۇتەشابىھ (مەنىسى بىرقانچە خىل بولغان دەلىل) نى ئاساس قىلىپ مېڭىش، قوپاللىق قىلىش، قاتتىق مۇئامىلە قىلىش، گۇناھنى ئۇنتۇپ قېلىش، كاپىرنى دوست تۇتۇش، ناچار ئەخلاقلىق بولۇش، تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش،

ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، مۇسۇلمانىنى كەمسىتىش، باغىرى تاشلىق قىلىش، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىش، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا ھىيلە ئىشلىتىش، كەمبەغەللىكتىن قورقۇش، رەھىمسىزلىك قىلىش، مۇسۇلمانىنى مەسخىرە قىلىش، رەنجىش، تەنتەكلىك قىلىش، ئاللاھنى رەنجىتىپ كىشىلەرنى رازى قىلىش، ناچار ئىشلارغا رازى بولۇش، ئەيىبلىرىدىن غاپىل قېلىش، دۇنياغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىش، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇشنى ياخشى كۆرۈش، شۇملۇق ھېس قىلىش، يامان كىشىلەرنى ياخشى كۆرەش، ئۆمىدنى بەك ئۇزۇن قىلىش، پايدا ـ مەنپەئەت كەلسە ئىبادەت قىلىش، خۇشامەتچىلىك، ئادالەتسىزلىك، ئىسراپ قىلىش، پىخسىقلىق قىلىش، ئاخىرەتنى تاشلاپ قويۇپ دۇنياغا رازى بولۇش، نەپسى خاھىشلارنى دەپ بۆلۈنۈش، زۇلۇم قىلىش، ئاشقۇنلۇق قىلىش، سۇيىقەست قىلىش، ۋەدىنى بۇزۇش، جىنايەت سادىر قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، ئۆزىنى ماختاش، بېخىللىق، نامازنى ئۇنتۇپ قېلىش، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا نەرسىگە سېتىۋېتىش، ھەق بىلەن باتىلنى ئېگىز ـ پەس قىلىش، ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش، قىلمىغان ئىش بىلەن ماختىلىشنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە چوڭچىلىق قىلىش، گۇناھ ۋە تاجاۋۇزچىلىقلارغا ياردەملىشىش، ھىيلە ـ مىكىر قىلىش، كىشىلەرگە رەھىمسىزلىق قىلىش، ئىتائەتتىن چەتنەش، چوڭچىلىق قىلىش، زومىگەرلىك قىلىش، نادانلارغا ھەمراھ بولۇش، بىھۇدە ئىش قىلىدىغانلارغا

ياردەملىشىش، مۇستەبىت شەيتانىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش، دۈشمەنگە ئاجىزلىق كۆرسىتىش، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا قارشى يول تۇتۇش، ئۆزرە قوبۇل قىلماسلىق، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، ئاللاھتىن باشقىسىغا تايىنىۋېلىش ۋە تەۋبىنى ئارقىغا سۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە يېگىدىن باشلىغان كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم قەلبىي سۈپەتلەرنى، ئۇلارنى قانداق ھاسىل قىلىشنى، شۇنداقلا پاكلىنىش ۋە قۇتۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم كېسەللەرنى بايان قىلىمىز.

ئىككىنچى بۆلۈم

# ساغلام قەلبنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرى

## بۇ سۈپەتلەرنى قانداق پەيدا قىلىمىز ۋە بۇنىڭغا زىت كېلىدىغان سۈپەتلەرنى قانداق ھەل قىلىمىز؟

# كىرىش سۆز

نەپسنى پاكلاشنى يېڭىدىن باشلىغان كىشىلەردە قەلبىي جەھەتتىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىككىدۇر:

بىرى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەلبكە تەۋە پەرزلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ئىككىنچىسى، قەلبنى چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەلبنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلاش.

تۆۋەندە ئىككى تەرەپتىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك قەلبىي سۈپەتلەرنى ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان قۇتۇلۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى بايان قىلىمىز.

## 1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان كۇپۇرلۇق، شېرىك ۋە مۇناپىقلىق توغرىسىدا

ساغلام قەلبتىكى ئەڭ مۇھىم سۈپەت ئىمان سۈپىتىدۇر. ئەگەر قەلبتە ئىمان سۈپىتى تېپىلسا، بۇ قەلب ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاسمەن بولۇش، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش، ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولۇش، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش، ئاللاھ ھەققىدە ئۈمىدۋار بولۇش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش قاتارلىق سۈپەتلەرنى كۆتۈرۈشكە لاياقەتلىك بولىدۇ.

ئەگەر ئىمان سۈپىتى تېپىلمىسا، قەلبتە ھېچقانداق ساغلام سۈپەت تېپىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ سۈپەتلەر ئاللاھ ئۈچۈن بولماي مەخلۇقلارنى رازى قىلىش، پەقەتلا سەۋەپكىلا تايىنىش، دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىدىن قورقۇش بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارغا قارىتىلغان ئەڭ مۇھىم خىتاب ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان

ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[140].

ئەگەر ئىنسان ئەقلى بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن راست پەيغەمبەرلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا قايىل بولمىسا، بويسۇنمىسا، باش ئەگمىسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلمىسا ۋە تەستىقلىمىسا، ئەقلى بىلىشىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، خۇددى ئۇ بىلمىگەندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ ھەقىقەتنى تونۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشىنى كاپىر دەپ سۈپەتلىگەن: «ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى» دېگەن[141].

ھەر بىر كىشى قەلبىنى ـ گەرچە خۇسۇسىي مەنپەئەتى ۋە نەپسى خاھىشىغا قارشى كەلسىمۇ ـ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بويسۇندۇرۇشى لازىم، بەلكى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەقىقەتنىڭ نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەپسى خاھىشىنى ھەقىقەتكە بويسۇندۇرۇشتۇر. شۇنداق بولغاندا ھەقىقەتنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنى قوللايدىغان ۋە ئېتىراپ

[140] نىسا سۈرىسى، 136 ـ ئايەت.

[141] بەقەر سۈرىسى، 89 ـ ئايەت.

قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ تۇيغۇنىڭ ئىنسان قەلبىدە تېپىلىشى ئۇنى ھەقىقەتنى تونىغان ھامان ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. كىم قىزىقىشىنى ھەقىقەتنىڭ ئەكسىچە بەلگىلىسە، ئۆزىنىڭ ئېزىپ كېتىشى، ئادىشىپ كېتىشى ۋە توغرا يولدىن بۇرۇلۇشىغا ھۆكۈم چىقارغان بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ساغلام قەلبىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنى يوقاتقان بولىدۇ.

قەلبتە شەك تېپىلىپ قالسا، ئۇ ئىمان ساغلام ئىمان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن بىلگەن ھەقىقەتنى كەسكىن تەستىقلاش لازىم، شۇ چاغدا مۆمىن ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر» دېگەن[142].

ئىماننىڭ مۇھىم ئورنى قەلبتۇر: «ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى»[143]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھەقىقەتنى تىل بىلەنلا ئېتىراپ قىلىپ قويۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشى ۋە تەستىقلىشى لازىم. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مۇناپىقلارنى بىلىش ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا:<كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار> دېيىلسە، ئۇلار: <ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە

[142] ھوجۇرات سۈرىسى، 15 - ئايەت.

[143] مۇجادىلە سۈرىسى، 22 - ئايەت.

ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلالتتۇق)> دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن[144]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە قەلبىگە كىرمىگەن ئېغىزاكى ئېيتىلغان ئىماننى نىپاقلىقتۇر، دەپ خەۋەر قىلغان ھەمدە ئۇنى ئىمانغا قارىغاندا كۇپۇرلۇققا يېقىندۇر، دەپ بايان قىلغان.

كىم قەلبى بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئىماننى تىلى بىلەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېلان قىلىش ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق تەستىقلىشى ۋاجىبتۇر، ئاندىن ئەزالىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋە قەلبىتىكى ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق تەستىقلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەر مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ ۋە ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ كەلگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. نېمەتكە كۇفرىلىق قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن[145]. يەنە: «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار،



[144] ئال ئىمران سۈرىسى، 167 ـ ئايەت.

[145] بەقەر سۈرىسى، 254 ـ ئايەت.

(كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قىلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار» دېگەن[146]. يەنە: «ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار» دېگەن[147]. يەنە: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر» دېگەن[148]. بۇ تېمىدا بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ كۆپ كەلگەن.

بىر ئىنساننىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ئاللاھتىن باشقا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان ياكى كىشىلەر ئىلاھ دەپ دەۋا قىلغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىنكار قىلمىغۇچە ھېساب بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن[149]. يەنە: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: <ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا

[146] بەقەرە سۈرىسى، 278 - ئايەت.

[147] بەقەرە سۈرىسى، 172 - ئايەت.

[148] مۆمىنۇن سۈرىسى، 1-2 - ئايەتلەر.

[149] بەقەرە سۈرىسى، 256 - 257 - ئايەتلەر.

ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار> دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈڭلار» دېگەن[150].

ئىماننى رىيائىلىققا ئاشۇرغان كىشىنىڭ كۆپۈرلۈق، نىپاقلىق ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن پاك بولۇشى تەبىئىي مەسىلىدۇر. چۈنكى، قەلبىي ئىمان ئىمانغا توسالغۇ بولىدىغان قەلبىي سۈپەتلەردىن خالىي بولغاندا ئاندىن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. بىز ئىلگىرى كۇپۇرلۇققا باشلاپ بارىدىغان قەلبىي كېسەللەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق، قەلبنى پاكلاش شۇ كېسەللەردىن خالىي بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ تېمىنى ئىلگىرى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئەگەر ئىنسان ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش، بىلىشنى مەقسەت قىلىش، ئۇنىڭغا قايىل بولۇش، تونىغاندا ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلارغا ھېرىسمەن بولسا، ئۇ كىشى كۇپۇر ۋە نىپاقتىن يىراق ئىمان يولىدا بولغان بولىدۇ.

قانداق بىر كىشى ئىمان ۋە تەۋھىد مەسىلىلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارسا، ئۇنىڭ نەزىرىدە كۇپۇر مەسىلىلىرى ئېنىق بولىدۇ ھەمدە ھەزەر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالماسلىق ئاسان بولىدۇ.



---

[150] نەھل سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.

## كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك توغرىسىدا

ئاللاھ بىزنى كۇپۇرلۇق ۋە شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە كاپىر بولغانلار تاللىغان كۇپۇرلۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئايەتلەرنى چۈشىنىشتىن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن[151].

ئۇلار بەزى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن كاپىر بولىدۇ ۋە يەنە بەزىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا كۇپۇرلۇقى بار تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرگەن بەزى نەرسىلىرى پايدا قىلمايدۇ. ئاللا بۇ ھەقتە: «كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ كەلسە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر. ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرىسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى

[151] يۇسۇپ سۈرىسى، 105 - ئايەت.

ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» دېگەن[152].

يەنە: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىغانلار (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر- ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق» دېگەن[153].

ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقى ياكى پەرۋەردىگارلىقى ياكى سۈپەتلىرى ياكى ئىش - ھەرىكەتلىرىدە شېرىك پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلارنىڭ (ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىغا) ئېنىق بىر دەلىل كەلتۈرۈشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟» دېگەن[154]. يەنە: «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلمامدۇ؟ ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ

[152] بەقەر سۈرىسى، 85 - ئايەت.
[153] نىسا سۈرىسى، 150 - 151 - ئايەت.
[154] كەھف سۈرىسى، 15 - ئايەت.

قىلمامدۇ؟ ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. مەريەم ئوغلى ئەيسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايالدۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا، گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن» دېگەن[155]. يەنە: «ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ» دېگەن[156].

ئۇلار ھەممىگە قادىر ياراتقۇچى بۈيۈك زات بىلەن ئاجىز مەخلۇق ئارىسىنى باراۋەر دەپ قارايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەمدۇ؟!. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ» دېگەن[157]. يەنە: «مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى بۇتلار)غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى قايتۇرالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى

---

[155] مائىدە سۈرىسى، 73 - 75 - ئايەت.

[156] يۈسۈپ سۈرىسى، 106 - ئايەت.

[157] ئەئراف سۈرىسى، 191 - 192 - ئايەت.

ئېلىشقا، (باشقىلارغا) هايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ» دېگەن[158]. يەنە: «مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئەيسا) ئاللاھدۇر دېگەن كىشىلەر (يەنى ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ (نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دېگەن[159].

ئۇلار ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھتىن باشقىسى ئاجىز تۇرسا، قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن!. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغىلا ئىبادەت قىلىسىلەر، بۇتلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغانسىلەر، بۇتلارنىڭ قولىدىن پايدا ـ زىيان كەلمەيدۇ) ۋە يالغاننىلا ئويدۇرىسىلەر، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقىنىڭلار) يەنى بۇتلار (سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس، رىزىقنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار) رىزىق بېرىشكە پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزى قادىردۇر)، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دېگەن[160].

كاپىرلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت

[158] فۇرقان سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.
[159] مائىدە سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.
[160] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

قىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە دەپ قارايدىغانلار بار. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) خالىي ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: <بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر> (دەيدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن[161].

ئۇلار ئاللاھنىڭ بەزى ئىسىم- سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) : <رەھمانغا (يەنى مەرھەمەتلىك ئاللاھقا) سەجدە قىلىڭلار!> دېيىلسە، ئۇلار: <رەھمان دېگەن نېمە؟ سەن بىزنى بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟> دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ» دېگەن[162]. يەنە: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) مەرھەمەتلىك ئاللاھنى ئىنكار قىلماقتا، (ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، <ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇنىڭغا

[161] زۇمەر سۈرىسى، 3 - ئايەت.
[162] فۇرقان سۈرىسى، 60 - ئايەت.

تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگەن[163].

ئۇلار ئۆزلىرى ۋە باشقا مەخلۇقلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى ھالدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بار دەپ قارايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى كاپىرلار) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[164]. يەنە: «ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: <ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە> دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ)» دېگەن[165].

ئۇلار ئاللاھتىن باشقىسىغا دۇئا قىلىدۇ ۋە قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەردىن ھاجەتلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە

[163] رەئد سۈرىسى، 30 ـ ئايەت.

[164] شۇرا سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.

[165] مائىدە سۈرىسى، 104 ـ ئايەت.

(يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچبىر كىشى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېنىق بىلدۈرەلمەيدۇ» دېگەن[166].

ئۇلار ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان خىيالى نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، بۇتلار، قۇياش، دەرەخ، تاغۇتلار، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان مەبۇدلار، ئىنسانلار، ياخشىلار ۋە پەيغەمبەرلەر ئاللاھ رۇخسەت قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بولمىسا، ئۆزلىرىگىمۇ پايدا يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى ۋە ياردىمى بولمىسا باشقىلارغا قانداقمۇ پايدا يەتكۈزەلىسۇن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان

[166] فاتىر سۈرىسى، 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى). ئاللاھ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىسىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[167].

ئاللاھ بىزنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلارنى دوست تۇتۇشقا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ياردەملىشىشكە بۇيرۇغان. لېكىن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا، ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا، ئۇلاردىن مەدەت تىلەشكە ۋە ئاللاھنى قويۇپ ئۇلارنى ئىلاھ ۋە شېرىك تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇمىغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر» دېگەن[168].

يەنە: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى

[167] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 41 - 42 - ئايەتلەر.

[168] يۇنۇس سۈرىسى، 106 - 107 - ئايەتلەر.

ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ (قۇرئان)دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان) كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار». ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن[169].

كاپىرلار ئاللاھنىڭ كىتابلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىلار)نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر» دېگەن[170].

ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە بەزى كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىتىپ: «بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز

[169] ئەھقاف سۈرىسى، 4 - 6 - ئايەتلەر.
[170] ئال ئىمران سۈرىسى، 21 - 22 - ئايەتلەر.

(يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز» دېگەن[171]. يەنە: «ئۇلار: ‹هاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى هاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز› دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرسەن). ئاللاھ ئۇلارغا: ‹بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار› دەيدۇ» دېگەن[172].

ئۇلار ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ‹هايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى هاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز› (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ» دېگەن[173].

ئۇلار نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئويلانماستىن باتىلنى تەكرارلايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان هايۋانلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن ) گاچىدۇر، (ھەقنى

---

[171] مۆمىنۇن سۈرىسى، 37 - ئايەت.

[172] ئەنئام سۈرىسى، 29 - 30 - ئايەتلەر.

[173] جاسىيە سۈرىسى، 24 - ئايەت.

كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز- نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ» دېگەن[174].

ئۇلار ھەقىقەت ۋە قۇرئاننى مەسخىرە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ» دېگەن[175].

ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھقا ۋە شەرىئەتكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا _ قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر _ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ). بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، كاپىرلار باتىلغا ئەگەشتى، مۆمىنلەر بولسا، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشتى، ئاللاھ ئىنسانلارغا



[174] بەقەر سۈرىسى، 26 - ئايەت.
[175] نىسا سۈرىسى، -140 ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ» دېگەن[176].

ئۇلار كاپىرلارنى مۆمىنلەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، كاپىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى توغرا دەپ قارايدۇ، مۆمىنلەرنى يامان كۆرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: <بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر> دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر؛ ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن» دېگەن[177].

ئۇلار باتىلنى ۋە ئۇ يولدىكىلەرنى مۇداپىئە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كاپىرلار ئەسەبىيلىكنى دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئۇلارغا تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى. مۆمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن[178].

## نىپاقلىق

ئاللاھ قەلبىمىزنى پاكلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى نىپاقلىق ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭدەك

[176] مۇھەممەد سۈرىسى، 1 - 3 - ئايەتلەر.
[177] نىسا سۈرىسى، 51 - 52 - ئايەتلەر.
[178] پەتھ سۈرىسى، 26 - ئايەت.

نىپاقلىقنىڭ قەلبىدە يوق بولغان ئىماننى ئىزھار قىلىش ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: ‹كېلىڭلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى)قوغداڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)› دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن[179]. بۇ مۇناپىقلار ئىماننى دەۋا قىلغان بىلەن ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنمايدۇ: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)غا ‹ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار› دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن»[180]. ئەگەر ئاللاھ بۇلارنى رەسۋا قىلىۋەتسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىق ۋە پايدا مەنپەئەتنى ئىرادە قىلغانلىقىنى باھانە سەۋەب قىلىپ كۆرستىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: ‹بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق› دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن[181].

ئۇلار مۇناپىقلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى

[179] ئال ئىمران سۈرىسى، -167 ئايەت.

[180] نىسا سۈرىسى، 61 - ئايەت.

[181] نىسان سۈرىسى، 62 - ئايەت.

كۆرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۇھەممەد!) مۇناپىقلارغا بىشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلىقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن[182]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ»[183]. ئاللاھ يەنە: «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن» دېگەن[184].

نامازغا كېچىكىپ قېلىش، بىر ئىش قىلسا رىيا قىلىش ۋە ئاللاھنى ئەسلەشتىن غاپىل قېلىش ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ» دېگەن[185].

ئۇلار مۆمىنلەرگە كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ ۋە

[182] نىسا سۈرىسى، 138 - -139 ئايەتلەر.

[183] نىسا سۈرىسى، -140 ئايەت.

[184] نىسا سۈرىسى، -145 ئايەت.

[185] نىسان سۈرىسى، -142 ئايەت.

ئۇلارنى ئالدىنىپ قالغانلار دەپ قارايدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى (يەنى شەك) بارلار : <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى) > دېدى. كىمكى ئاللاھقا يۆلىنىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[186].

ئۇ مۇناپىقلار يالغان سۆزلەيدۇ، مۆمىنلەرنىڭ كېلىشمەسلىككە دۇچار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە دۇنيانى تەمە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنىمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)، ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئەگەر ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) داۋاملىق يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا (ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ» دېگەن[187].

[186] ئەنفال سۈرىسى، 49 - ئايەت.

[187] تەۋبە سۈرىسى، 74 - ئايەت.

ئۇلار باتىل ۋە مۇنكەر ئىشلارنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ھەقىقەت توغرىسىدا بېخىللىق قىلىدۇ: «مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئايال‌لار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھنىڭ تائەتىنى تەرك ئەتتى)، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر» دېگەن[188].

بىز ئىلگىرى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش ئىرادىسىنىڭ ساغلام ئارزۇغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ساغلام ئارزۇنىڭ ساغلام ئوي - پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالايدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى ئۇلاردا ساغلام ئارزۇ ۋە توغرا ئىرادىنىڭ بولمىغانلىقىغا دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان نىپاقلىق سۈپەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدە تېپىلىپ قېلىشىدىن ۋە ھېس قىلماستىن مۇناپىقلىققا كىرىپ قېلىشتىن ئاگاھ بولسۇن.

رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغان: «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر،

[188] تەۋبە سۈرىسى، 67 - ئايەت.

ئــۇ نىمدىگــەن يامــان جــاي!»[189]. بۇنىڭغــا ئاساســەن مۇســۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىســى رەســۇلۇللاھقا ئوخشــاش مۇناپىقلارغــا قارشــى جىھــاد قىلىــش، ئۇلاردىــن ئــاگاھ بولــۇش، ئۇلارنىــڭ پىلانلىرىنــى ۋە بــۇزۇق ئىشــلىرىنى بــۇزۇپ تاشلاشــتىن ئىبــارەت.

رەســۇلۇللاھ بىزنــى مۇناپىقلارنىــڭ ســۈپەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغــان. بىــز ئــۇ ســۈپەتلەرنى ئۆلچــەم قىلىــپ تــۇرۇپ ئۆزىمىزنــى تەكشــۈرۈۋالايمىز. رەســۇلۇللاھ: «مۇناپىقنىــڭ بەلگىســى گەرچــە نامــاز ئوقــۇپ، روزا تۇتســىمۇ ۋە ئۆزىنــى مۇسۇلمان دەپ ئويلىســىمۇ ئــۈچ تۈرلــۈك بولىــدۇ. ئۇلار: گــەپ ـ ســۆز قىلسا يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىســىدە تۇرمايــدۇ ۋە ئامانــەت قويۇلسا ئامانەتكــە خىيانــەت قىلىــدۇ» دېگــەن[190].

رەســۇلۇللاھ يەنــە: «تــۆت تۈرلــۈك ســۈپەت بــار، قايســىبىر كىشــىدە مۇشــۇ تۆت تۈرلۈك سۈپەت تېپىلىپ قالسا، ئۇ ھەقىقىي مۇناپىــق بولىــدۇ. قايســىبىر كىشــىدە بــۇ تــۆت سۈپەتنىڭ بىرســى تېپىلىــپ قالســا، ئــۇ ســۈپەتنى تاشــلىغانغا قــەدەر ئــۇ كىشــىدە مۇناپىقلىقنىــڭ بىــر ســۈپىتى تېپىلغــان بولىــدۇ! ئــۇ تــۆت تۈرلــۈك ســۈپەت: ئامانــەت قويۇلســا خىيانــەت قىلىــش، گــەپ ـ ســۆز قىلسا يالغــان سۆزلەش، ۋەدە قىلىــپ ۋەدىســىدە تۇرماسلىق ۋە ئۇرۇشــۇپ قالســا ئاغزىنــى بۇزۇشــتىن ئىبــارەت»[191].

جىھادنــى ياقتۇرماســلىق ۋە ئۇنىڭدىــن غاپىــل قېلىــش مۇناپىقلارنىــڭ بەلگىســىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «كىــم جىھــاد قىلمــاي



[189] تەۋبە سۈرىسى، 73 ـ ئايەت.
[190] بۇخارى رىۋايىتى، 33 ـ ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 59 ـ ھەدىس.
[191] بۇخارى رىۋايىتى، 34 ـ ھەدىس؛ مۇسلىم، 58 ـ ھەدىس.

ياكى جىهاد قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىقنىڭ بىر تارمىقىدا ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن[192].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد جامائەت نامىزىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن: «ئۆزىمىزگە قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ قارىشىمىزدا نىپاقلىقى ئېنىق بولغان مۇناپىقتىن باشقىسى جامائەت نامىزىدىن قېلىپ قالمايدىغان ئىدى. بىزدىن بىر ئادەم ئىككى ئادەمگە تايىنىپ بولسىمۇ جامائەت نامىزىغا كېلەتتى» دېگەن[193].



[192] مۇسلىم رىۋايىتى، 1910 - ھەدىس.

[193] مۇسلىم رىۋايىتى، 654 - ھەدىس.

## 2. سەگەك بولۇش ۋە ئاللاھ تەرەپكە قايتىش

### ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان غاپىللىق ۋە يۈز ئۆرۈش توغرىسىدا

ئەگەر ئىنسان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشەنسە، ئاللاھنىڭ بەندە ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرىنى ۋە ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا نىشان ـ مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلسە، ئۇ چاغدا ئۇنى بىلمەسلىككە سېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ ھەمدە نىشانىغا قارىتا يولىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ھەققىنى بىلمەسلىككە سالالمايدۇ. شۇنداقلا ئىلاھ يوقتەك ياشىيالمايدۇ، بەلكى ئۇ ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ياراتقۇچىسى ۋە ئىلاھىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان شەكىلدە ياشىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنسە، ياراتقۇچى ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا يۈزلىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىشقا ۋە ئۇنى رازى قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ يۈزلىنىشى ئۇنىڭ سەگەكلىكىنى، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ئەمەلگە ۋە ئۆزىنىڭ پايدا مەنپەئەتىگە قارىتا ئويغاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ سەگەكلىكنى ئاللاھقا قايتىش، ياكى ئاللاھقا باش ئېگىش دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ، ياكى ئاللاھ تەرەپكە قايتىش دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەرگە

ئــازاب كېلىــپ، ياردەمگــە ئېرىشەلمەســلىكىڭلاردىن بــۇرۇن پەرۋەردىگارىــڭلار تەرەپكــە قايتىــڭلار ۋە ئۇنىڭغــا ئىتائــەت قىلىــڭلار» دېگــەن[194].

ئىسلامنىڭ مەنىسى ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشى دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرەلەشسە: <ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇندۇم)> دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): <مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟> دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن[195].

ئاللاھقا قارىتا سەگەكلىك قانچە كۈچەيسە، ئاللاھقا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە نەپسىنى پاكلاشقا يۈزلىنىشىنىڭ راستلىقى شۇنچە كۈچلۈك، شۇنچە جانلىق ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ ئۆزى تەرەپكە قايتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت ۋە ھىدايەت بىلەن بىشارەت بەرگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ



---

[194] زۇمەر سۈرىسى، 54 - ئايەت.

[195] ئال ئىمران سۈرىسى، 20 - ئايەت.

تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» دېگەن[196]. يەنە: «كۇففارلار: <نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن (مۇسانىڭ ۋە ئەيسانىڭ مۆجىزىسىدەك) بىرەر مۆجىزە كەلمىدى؟> دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) <(ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ، دېگىن>» دېگەن[197]. يەنە: «شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر» دېگەن[198]. ئاللاھقا راستچىل ھالدا قايتقۇچىلار ئەڭ ياخشى سۆز ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار گەپ - سۆز ئاڭلىسا، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ يۈكسىكىنى، ئەڭ ياخشىسى ۋە ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئەڭ يېقىن بولغىنىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.



## سەگەك بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى

ئاللاھ تۈرلۈك ھادىسە ۋە ھەر خىل جازالارنى ئىنساننى ئويغىتىش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئاللاھ تەرەپكە قايتىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ

---

[196] ئىسرا سۈرىسى، 25 - ئايەت.

[197] رەئد سۈرىسى، 27 - ئايەت.

[198] زۇمەر سۈرىسى، 17 - 18- ئايەتلەر.

ئېچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق» دېگەن[199]. يەنە: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن، دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» دېگەن[200]. يەنە: «ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز» دېگەن[201].

شۇنداقلا ئاللاھ قۇرئان كەرىم ۋە كائىناتتىكى ھەقىقەتلەر ۋە مۆجىزىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە قايتىشنىڭ يولى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز» دېگەن[202]. يەنە: «ئىبراھىم ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى ئىمانغا قايتسۇن دەپ، كەلىمە تەۋھىدنى ئۇلاردا قالدۇرۇپ كەتتى» دېگەن[203]. يەنە: «ئۇلارغا بىر- بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق» دېگەن[204].



---

[199] ئەئراف سۈرىسى، 168 - ئايەت.
[200] رۇم سۈرىسى، 41 - ئايەت.
[201] سەجدە سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[202] ئەئراف سۈرىسى، 168 - ئايەت.
[203] زۇخرۇف سۈرىسى، 28 - ئايەت.
[204] زۇخرۇف سۈرىسى، 48 - ئايەت.

ئاللاھقا قايتىشنىڭ سەممىي بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قايتىشى، ئۇ كۆرسەتمىلەرنى تۇتۇپ مېڭىشقا قىزىقىشى، ئۇلارنى بىلىشى، ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاللاھقا تايىنىشى ئارقىلىق بولىدۇ.

سەگەكلىك ۋە غاپىللىق بىر قانچە دەرىجە بولىدۇ، ئىنسان بەزىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىدۇ، بىراق دىققەت قىلىشقا ۋە سەگەك بولۇشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن نەرسىلەردە ئويلىماسلىق سەۋەبىدىن غاپىل ھالەتتە قېلىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبلىك قانچىلىك غاپىل قالسا، شۇنچىلىك مىقداردا بەزى تەرەپلەردە بۇرۇلۇش يۈز بېرىپ قالىدۇ، شۇنداقلا قانچىلىك سەگەك ۋە ئويغاق تۇرسا، شۇنچىلىك توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ.

بىز بۇ يەردىكى غاپىلدىن مەقسەت پەقەتلا كاپىرنى ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى پاسىقنى كۆزدە تۇتمايمىز، چۈنكى ئىنسان مۇسۇلمان بولسىمۇ گاھىدا بەزى ئىشلاردىن غاپىل قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ نۇقتىلاردا سەگەك بولۇشقا، ئويغىنىشقا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. بەزىدە ياخشى كىشى بولسىمۇ، تېخىمۇ ياخشى ھالەتتىن غاپىل قالىدىغان ھالەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ كىشى تەۋۋەن دائىرىدە توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تېخىمۇ ياخشى بولۇشقا يۈزلىنىشتە ھەر زامان سەگەك بولۇشقا موھتاج بولىدۇ.

بەزىدە ئاۋام خەلق مۇسۇلمانلار ياكى ياخشى مۇسۇلمان ـ گەرچە نەپسىنى پاكلاشتا دەسلەپكى ياكى ئوتتۇرا ياكى

يۈكسەك باسقۇچتا بولسىمۇ_ يەنىلا بىرەر تەرەپتە غاپىللىق بىلەن سۈپەتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ پىكرىي ۋە ئەمەلىي بولغان بىرەر ئىشلاردا سەگەكلىككە تەۋە بىرەر سۈپەتتىكى يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن غاپىللىق بىلەن سۈپەتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن غاپىل قېلىشى ياكى سەگەكلىككە تەۋە بەزى ئىشلاردا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈشى ياكى نەپسىنى پاكلاشنى يېڭىدىن باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

سەگەكلىكنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەرلەر ئەڭ سەگەك ئىنسانلاردۇر، شۇنداقتىمۇ ئاللاھ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تەرەپكە قايتقان دەپ سۈپەتلىگەن: داۋۇد: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر- بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر- بىرىگە چېقىلمايدۇ)، بۇلار ئازدۇر» دېگەن. داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى، (ئاللاھقا) تەۋبە قىلدى»[205]. گەرچە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدە سەگەكلىك ۋە ئاللاھ تەرەپكە قايتىش بولسىمۇ، ئاللاھ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى تەۋبە قىلغان دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەۋبە قىلىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يوشۇرۇن بىر ئىشتا بولغان ياكى ئۇ ئۆزىنى

[205] ساد سۈرىسى، 24 - ئايەت.

خاتالاشتىم دەپ ئويلاپ قالغان بىر ئىشتا بولغان.

مۇسۇلمان سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى سەگەك تۇتۇپ ياخشىلىققا قارىتا يۈزلەنمىسە، يەنىلا غاپىل بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ ياخشىلىقى مۇھتىقا ئەگەشكەنلىك، ئائىلىسى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ماسلاشقانلىقى سەۋەبىدىن ياخشى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى كۆپلىگەن ئۆرنەكلەرنىڭ مۇھىت ئۆزگەرسە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى ۋە بۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. چۈنكى ئۇلار قارماققا قەلبىنى پاكلايدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئويغانمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا ئەزالاردا كۆرۈلىدىغان ئىشلارغا قاراشتىن ئىلگىرى نەپسىنى پاكلاشتا كۆڭۈلنىڭ يۈزلىنىشى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارغا، شەكلىڭلارغا ۋە مال ـ مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن[206].

## ئويغاقلىقنىڭ قارىمۇ - قارشىسى غاپىللىقتۇر

ئىنسان پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلمىسا، پەرۋەردىگارىنى قويۇپ باشقا نەرسە بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، ئاللاھنىڭ پەرزلىرىگە سەل قارايدىغان ۋە پسەنت قىلماستىن ھارام ئىشلارنى قىلىدىغان غاپىللىق ئىچىدە ھەيرەتتە قالىدۇ.

غاپىل كىشى ياراتقۇچىسى، يارىتىلىش غايىسى ۋە ھاياتىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمايدىغانلىقى

---

[206] مۇسلىم رىۋايىتى، 72 ۋە 2564 ـ ھەدىس.

ئۇچۇن، ھەقىقىي پايدا ـ مەنپەئەت، ياكى نىشان ھەققىدە ئىزدەنمەيدۇ، شۇنداقلا ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش يولى ھەققىدىمۇ ئىزدەنمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ھاياتنى ھالاكەتكە باشلايدىغان بولسىمۇ نەپسى شەھۋەتلىرى، گۇمانلىرى ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن» دېگەن[207].

غاپىل ئىنسان پەرۋەردىگارى تەرەپكە يانغان ۋە تەۋبە قىلغان ئىنسان بىلەن باراۋەر بولامدۇ؟: «(كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟»[208].



ھەرقانداق كىشى ئاللاھ تەرەپكە قايتمىسا، ئۇ چاغدا نەپسى خاھىشىغا، خىياللىرىغا، شەھۋەتلىرىگە ياكى شەيتانغا تەۋە بولىدۇ، ياكى ئۆزلىرىگە خالىغانچە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بەرگەن مۇستەبىت شەيتانلارغا تەۋە بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى

[207] كەھف سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.
[208] ھۇد سۈرىسى، 24 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[209]. دېمەك، ئاللاھنىڭ يولى بىلەن نەپسى خاھىش يولى بىرلىشەلمەيدۇ.

ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەي، ئۇنىڭدىن غاپىل قالسا، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەندىن باشقا يول قالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[210]. يەنە: «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» دېگەن[211].

ئاللاھ ئۆزى تەرەپكە قايتقۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى شەيتاننىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن يىراقلاشقانلار دەپ بايان قىلغان: «شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ»[212]. شۇڭا، ھەرقانداق كىشى ئاللاھ تەرەپكە قايتمىسا، باشقىسىغا تەۋە

[209] ساد سۈرىسى، 26 - ئايەت.
[210] مەريەم سۈرىسى، 59 - ئايەت.
[211] بەقەر سۈرىسى، 257 - ئايەت.
[212] زۇمەر سۈرىسى، 17 - ئايەت.

بولىدۇ ھەمدە شۇ نەرسىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئەكسىچە ئىتائەت قىلىنىدىغان ئىلاھ قىلىۋالىدۇ. كىم ئۆزىگە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى ھالدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىشكە رازى بولسا، ئۇ تاغۇتتۇر (شەيتاندۇر). تاغۇت (شەيتان) دېگەن ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ چېكىدىن ئېشىش ۋە ئاللاھنىڭ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتا ھەددىدىن بەك ئاشقانلىقى ئۈچۈن تاغۇت دەپ ئاتالغان.

شەيتان غاپىل ئىنسانىنى ۋەسۋەسىلىرى ۋە خىيالغا سېلىش ئارقىلىق ئىگىلىۋالىدۇ، ئۇنى تېخىمۇ غەپلەت، باتىل ۋە يامان ئىشلارغا تارتىپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىزنىڭ شەيتانلارنى كاپىرلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى (يەنى مۇسەللەت قىلغانلىقىمىزنى) بىلمەمسەن؟ شەيتانلار ئۇلارنى (گۇناھلارغا) قىزىقتۇرىدۇ» دېگەن[213].

ئىنسان گەرچە نەپلە ۋە مەكرۇھ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارغا دىققەت قىلىپ ئەھمىيەت بېرەلىگۈدەك ۋە ھارام قىلغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلىگۈدەك ھەقىقەت ۋە مەلۇماتلارنىڭ بولۇشى ھەر بىر ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى سەگەكلىكتۇر. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قۇتۇلۇپ قالالىغۇدەك ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى سەگەكلىك تېپىلغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، ھارام ئىشلارنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى قىلالمايدىغانلىقىنى

[213] مەريەم سۈرىسى، 83 - ئايەت.

ئېيتقان كىشىگە: «راست سۆزلىگەن بولسا نەتىجە قازىنىدۇ» دېگەن[214].

ئىنساننىڭ ۋىجدانىدا سەزگۈلۈك ۋە ئويغاقلىق بولسا، ھاياتلىقىدا يارىتىلىش غايىسىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت يولىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسە، بۇ توغرىدا ئىزدىنىشى زۆرۈر بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئويلىنىپ ئۆز-ئۆزىدىن: «نېمە ئۈچۈن مەن ئەڭ ئىلغار كىشى بولالمايمەن؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن كىشى بولالمىدىمەن؟ ئۇنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟ مەن بۇ يولدا قانچىلىك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتۈم؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشى تەبىئىي ئىشقا ئايلىنىدۇ.

## ئاللاھقا قايتىشنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان يۈز ئۆرۈشتۇر

ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈش غاپىللىقتىنمۇ خەتەرلىكتۇر. يۈز ئۆرۈش دېگەن ھەقىقەتنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ ۋە سەگەكلىك چاقىرىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن باش تارتىش قەلبنى ۋە يۈزنى ھەقىقەتتىن قاچۇرۇش دېمەكتۇر. شۇنداقلا بۇزۇلۇش، بىھۇدە ئىشلار، نەپسى خاھىش ۋە بۇزۇلۇش ھالىتىدە تۇرۇش دېمەكتۇر.

يۈز ئۆرۈش ئۆزگە زۇلۇم قىلىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىدۇ ۋە ئىمانىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەققىنى بەرمەيدۇ ۋە بۇ ھەقتە يېتەرلىك دەرىجىدە توختالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ ھەقىقەتتىن يۈز

[214] بۇخارى رىۋايىتى، 46 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 11 - ھەدىس.

ئۆزۈشىنى ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە جىنايەت دەپ ھېسابلىغان ۋە بۇ ھەقتە: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز جىنايەتچىلەرنى چوقۇم جازالايمىز» دېگەن[215]. يەنە: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ)» دېگەن[216].

ئاللاھ سېنى غاپىللىقتىن چىقىرىش ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىشكە قىستاش ئۈچۈن قىيىن بىر شارائىتتا قويغان بولسا، سەن ئاللاھقا يۈزلىنىپ، ئۇ قىيىن شارائىتتىن چىقىپ بولغاندا، يۈز ئۆرۈشۈڭ ۋە بىلگەن نەرسىلەرنى بىلمەسكە سېلىشىڭ يۈز ئۆرۈشنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تۈرى سانىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھلا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ئاللاھتىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار

[215] سەجدە سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

[216] كەھف سۈرىسى، 57 ـ ئايەت.

تۇغـەپ ئاۋالقى هالىتىگىلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىـدۇر (يەنــى ئاللاھنىــڭ نېمەتلىرىنــى ئىنكار قىلىــش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىــدۇر)» دېگــەن[217].

كىــم ھەقىقەتتىــن يــۈز ئۆرۈســە، ئاللاھ ئــۇ كىشــىگە بــۇ دۇنيــادا روھىــي جەھەتتىــن جاپــا تارتىــش ۋە چارچــاش، ئاخىرەتتــە بولســا ئــازاب بىلــەن جازالايــدۇ. ئاللاھ بــۇ ھەقتــە: «كىمكى مېنىــڭ زىكرىمدىــن يــۈز ئۆرۈيدىكــەن، ئۇنىــڭ ھاياتــى تــار (يەنــى خاتىرجەمسىــز) بولىــدۇ، قىيامــەت كۈنــى ئۇنــى بىــز كــور قوپۇرىمىــز». ئــۇ: «ئــى پەرۋەردىگارىــم! نېمىشــقا مېنــى كــور قوپــۇردۇڭ، ۋاھالەنكــى، (دۇنيادىكــى چاغــدا) مېنىــڭ كــۆزۈم كۆرەتتىغــۇ؟» دەيــدۇ. ئاللاھ ئېيتىــدۇ: «شــۇنىڭدەك ســاڭا (روشــەن) ئايەتلىرىمىــز كەلــدى، ســەن ئۇلارنــى تــەرك ئەتتىــڭ، ســەن بۈگــۈن شــۇنىڭغا ئوخشــاش تەرك ئېتىلىسەن» دېگەن[218]. يەنــە: «يــاق، ئــۇ مۇقــەررەر دوزاختــۇر. (يەنــى بــۇ گۇناھــكار كاپىــر مۇنــداق ئاززۇدىــن يانسۇن، پــدا قىلىنغــان ھېچقانــداق نەرســە ئۇنــى ئازابتىــن قۇتقۇزالمايــدۇ، ئۇنىــڭ ئالدىــدا دوزاخ يېنىــپ تۇرىــدۇ). (ئــۇ ھارارىتىنىــڭ قاتتىقلىقىدىــن) باشــنىڭ تېرىســىنى شــىلىدۇ» دېگــەن[219].

يەنــە: «(ئــى مۇھەممــەد!) شــۇنىڭدەك، ساڭا ئۆتكەنلەرنىــڭ بــەزى خەۋەرلىرىنــى بايــان قىلىمىــز، ســاڭا ئــۆز تەرىپىمىزدىــن قۇرئاننــى ئاتــا قىلــدۇق. كىمكــى قۇرئاندىــن يــۈز ئۆرۈيدىكــەن، ئۇنىڭغا قىيامــەت كۈنــى چوڭ گۇناھتىــن ئىبارەت يــۈك يۈكلىنىــدۇ.

[217] بەنى ئىسرائىل سۈرىسى، 67 - ئايەت.

[218] تاھا سۈرىسى، 124 - 126 - ئايەتلەر.

[219] مائارىج سۈرىسى، 15 - 18 - ئايەتلەر.

ئۇ گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازابنى مەڭگۈ تارتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان!» دېگەن[220]. يەنە: «كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ» دېگەن[221].

ئاللاھ بىزگە سەبەئ مىللىتىنى مىسال قىلىپ بەردى، چۈنكى ئۇلار ئاللاھتىن ۋە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغان ۋە بايلىقلىرىنى يوق قىلىۋەتكەن: «شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) <پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر. ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز ـ تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق. ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز>»[222].



---

[220] تاھا سۈرىسى، 99 ـ 101 ـ ئايەتلەر.

[221] جىن سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

[222] سەبە سۈرىسى، 15 ـ 17 ـ ئايەتلەر.

# 3. ئاللاھقا تەۋبە قىلىش

## ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ – قارشىسى بولغان گۇناھقا رازى بولۇش ۋە گۇناھتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا

ئەگەر ئىنسان پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنسە، ۋىجدانى ئۇيغانسا ۋە نىشانىغا دىققەت قىلالىسا، ئۇ چاغدا ئۆتمۈشتىكى ھاياتىغا قايتىدىن قاراپ چىقىدۇ، ياخشىلىق ۋە توغرىلىقتىن چەتنەپ كەتكەن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ. ئاندىن ئۆزىدىن يۈز بەرگەن ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھلىرى، خاتا ئىشلار، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار ۋە شەھۋەتلەر ھەققىدە ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

شۇڭا، ئۆزىدىن كۇپۇرلۇق يۈز بەرگەن، ياكى كۇپۇر سۆزلەرنى قىلىپ سالغان، ياكى كۇپۇر ئىشلارنى قىلىپ سالغان بولسا، ئاللاھقا ئۆزرە ئېيتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا چوڭچىلىق قىلغانلىقى ۋە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا، چوڭ گۇناھلىرى ۋە سادىر قىلىپ سالغان ھارام ئىشلىرى ۋە قىلماي تاشلاپ قويغان پەرز ۋە ۋاجىب ئىشلار ھەققىدە ئاللاھقا ئۆزرە ئېيتىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلماننىڭ گۇناھى بىر ئىنساننىڭ ھەق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش بولسا، ئۆزى زىيان سالغان كىشىدىن كەچۈرۈم سورىمىغۇچە ۋە ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ ھەققىنى

قايتۇرۇپ بەرمىگۈچە، ئۇنىڭ تەۋبىسى تولۇق بولمايدۇ. ئەگەر جازانە يەپ سالغان بولسا، تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن جازانە قىلغان ئىقتىسادنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىر ئىنسانغا سېھىر قىلىشقا سەۋەب بولغان بولسا، تەۋبىسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سېھىرنى بىكار قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولسا، تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن غەيۋىتى قىلىنغان كىشىدىن كەچۈرۈم سورىشى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئوبرازىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

مانا بۇ تەۋبىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىچىك گۇناھلارغا، نەپلە ۋە سۈننەتلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىگىمۇ تەۋبە قىلسا، بۇ مەزكۇر ئىنسان ھەققىدە مۇكەممەل تەۋبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە ئاللاھقا سەممىي يۈزلىنىشكە سەۋەب قىلغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى، ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىنى ۋە گۇناھلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇشى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى، ئاللاھ تەرەپكە قايتىشى ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىشى ئۈچۈن شۇنچە سەۋەب قىلغان بولىدۇ.

تەۋبە قىلىش دېگەن ئىنسان ئۆزى ئىتائەت قىلىشى، ئۇلۇغلىشى، بۇيرۇقىنى ئۇستۇن كۆرۈشى ۋە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشى كېرەك بولغان زاتقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى ۋە خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان قەلبىي ھالەتتۇر.

ئىنسان تەۋبە قىلغانلىقىنى تىلى بىلەن مەغپىرەت تىلەش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە خاتالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي ۋە ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلماي تۇرۇپ، تىلىدىلا مەغپىرەت تىلەش كۇپايە بولمايدۇ.

ئەگەر ئىنسان تەۋبە قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم گۇناھ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ تەۋبىسىدە سەممىي بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ھالەت كۆپىنچە ئۇنىڭ ئاللاھنى ئاز ئۇلۇغلايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئاز قورقىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ھالدىكى ۋەزىپىسى ئاللاھنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش، ئاللاھتىن قورقۇشنى ئاشۇرىدىغان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئەسلەشتۇر. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ ئىنتىقام ئالغۇچى، ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىنى باش ئەگدۈرگۈچى، خار قىلغۇچى ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى ئەسلەشكە ئوخشاش. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىزدىن ئىلگىرىكى تەكەببۇرلۇق، كاپىرلىق، زالىملىق ۋە ئاسىيلىق قىلغان مىللەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىنى ئەسلىشى لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئىنسان نەپسىدە گۇناھ ۋە ئاسىيلىققا قىزىقىش ھېس قىلغان ھامان نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى ۋە ئۆزىنى گۇناھتىن چەكلىشى لازىم.

ئىنسان گۇناھنىڭ كۆڭۈلدىكى لەززىتىنى كۈچلۈك ھېس قىلىپ قالسا، بەزىدە گۇناھقا قايتىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ۋەزىيەتتە ئۇنىڭ گۇناھقا بولغان قىزىقىشى ۋە گۇناھلارغا ئىنتىلىشى ئۆز نەپسگە قارشى تۇرالمىغۇدەك ۋە گۇناھلاردىن

چەكلىيەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۈچلىنىدە يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا ھىممىتىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئىمان نۇرىنى ئاشۇرۇپ گۇناھ قىلىشنى تاشلىغۇدەك بىر ھالەتكە كېلىشى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشكە ۋە ئىتائەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىتائەت خاراكتېردىكى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلمىسا، بەزىدە گۇناھ قىلمايدىغان، بەزىدە گۇناھ قىلىدىغان ھالدا قېلىپ قالىدۇ، نەپسىگە قارشى جىھاد قىلالمايدۇ ۋە ئۆزىنى گۇناھتىن چەكلەشكە قادىر بولالماي قالىدۇ.

گۇناھ قىلىپ سالغان ئىنسان كۆپلەپ مەغپىرەت تىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ» دېگەن[223].

بۇ ئايەت مۆمىنلەرنىڭ گۇناھتا چىڭ تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى چىڭ تۇرۇش ئىنساننىڭ بىر ئىشنى قىلىشقا كەسكىن ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كىم گۇناھ قىلماقچى بولسا ئۇ گۇناھنى قىلمىغان تەقدىردىمۇ گۇناھتا چىڭ تۇرغان بولىدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەب ئۇنى گۇناھ قىلىشتىن توسۇپ قويسا، گەرچە گۇناھنى قىلمىغان بولسىمۇ يەنىلا چىڭ تۇرۇش بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، مۆمىن كىشى بۇنداق بولمايدۇ. قانداق بىر كىشى بىرقانچە قېتىم

[223] ئال ئىمران سۈرىسى، 135 - ئايەتلەر.

گۇناھ قىلىپ قالغان، لېكىن ئۇ گۇناھنى ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە ئۇ گۇناھنىڭ يۈز بېرىشىنى يامان كۆرىدىغان بولسا، بىرقانچە قېتىم تەكرار سادىر قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ گۇناھتا چىڭ تۇرغۇچى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ، مۇنداق ئىش مۆمىندە بەزىدە يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلسا ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلسا گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىگە لايىق بولىدۇ.

ئىتائەتكە ياتىدىغان ئىشلار گۇناھلارغا كەفارەت بولىدۇ: «ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[224]. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «يامانلىق قىلىپ سالغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياخشىلىق قىلساڭ، يامانلىقنى يوقىتىسەن» دېگەن[225].

ئىتائەتكە ياتىدىغان ئىشلارنىڭ گۇناھلارغا كەفارەت بولالايدىغانلىقى كىچىك گۇناھلارغا خاستۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «چوڭ گۇناھلار يۈز بەرمىسىلا، بەش ۋاقىت ناماز، بىر جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، بىر رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن[226]. دېمەك، چوڭ گۇناھلارغا ئايرىم تەۋبە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاللاھ تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، شۇنداق

[224] ھۇد سۈرىسى، ـ114 ئايەت.

[225] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 21392 ـ ھەدىس؛ تىرمىزى رىۋايىتى، 1987 ـ ھەدىس.

[226] مۇسلىم رىۋايىتى، 233 ـ ھەدىس.

قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ» دېگەن[227]. يەنە: «ئى مۆمىنلەر! غەلىبە قىلىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن[228].

قەلبىدە باتىل قىزىقىش ۋە گۇناھلارغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان شەھۋەتلەر تېپىلىدىغان كىشىگە كەلسەك، شەھۋەتلەر ئۇنىڭ ئىتائەتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە قەلبىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. ئۇ كىشى بەزىدە بۇ شەھۋەتلەرنى يوقىتىشقا قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ كىشىلەرگە گۇناھقا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن دەرھال پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكە، شەھۋىتى ئۈزۈلگەن ياكى بىر ئاز پەسەيگەن، غەم - قايغۇ ۋە گۇناھ تۇيغۇسى كۈچەيگەندىن كېيىنلا تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن ئىبادەتكە يۈزلىنىشكە، ئاللاھقا خارلىقىنى ئىپادىلىشىگە، ئاللاھقا يۈزلىنىشكە، غەم قىلىشقا ۋە ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىشىگە تەشەببۇس قىلىمىز. بۇ ۋاقىتلاردا قىلغان ئىبادەتنىڭ گۇناھلاردىن قۇتۇلۇشتا بەرىكىتى ۋە ياخشى تەسىرى بولىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى تەۋبە قىلىپ تۇرىدۇ ۋە تەۋبىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەتىگەن - كەچ كۆپ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدۇ، تەۋبىنىڭ ھەقىقىي بولۇشى ئۈچۈن گۇناھ قىلغان

[227] تەھرىم سۈرىسى، 8 - ئايەت.

[228] نۇر سۈرىسى، 31 - ئايەت.

هامان مەغپىرەت تىلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىرەر گۇناھ قىلىپ سالسا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئۆزىنىڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالغانلىقىدا شەك قىلغان ھامان مەغپىرەت تىلەيدۇ، تەۋبە قىلىدۇ ھەمدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلماسلىقى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ گۇناھ بىلەن ئاخىرلىشىشىتىن ئەنسىرەيدۇ. مۆمىن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتقاندەك گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشىشىدىن ئەنسىرەيدىغان تاغدەك ئېغىر دەپ بىلىدۇ، پاسىق ياكى گۇناھكار كىشى گۇناھلىرىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىۋىندەك كۆرىدۇ[229].

مۆمىن كىشى گۇناھلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گۇناھلىرىدىن ئەنسىرەيدۇ، قەستەن قىلمىغان ۋە كەلگۈسىدە قىلىپ سېلىش ئېھتىمالى بولغان گۇناھلىرىدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بىرگە گۇناھلاردىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى پەرۋەردىگارىغا قىلغان دۇئاسى ئارقىلىق تەلىم بەرگەن: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ خاتالىقىمنى، نادانلىقىمنى ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمدىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىمنى كەچۈرگەيلا، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى سىلى ياخشى بىلىلا. ئى ئاللاھ! مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى، قەستەن قىلغان ئىشلىرىمنى، نادانلىقىمنى ۋە چاقچاق قىلىپ قالغان ئىشلىرىمنى كەچۈرۈۋەتسىلە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋەتسىلە، سىلى

[229] بۇخارى رىۋايىتى، 5949 ـ ھەدىس.

ئەزەلدىن بار ئىدىلە، سىلى يەنە ئەڭ ئاخىردا باقى قالغۇچى زات، سىلى ھەر نەرسىگە قادىر زات»[230].

تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى كەڭ، مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر ياكى جان ھەلقۇمغا كەلگەنگە قەدەر ئوچۇق بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھقا بولغان ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز ئۈزمەڭ، ئاللاھقا قارىتا ئوي - پىكرىڭىزنى ياخشىلاڭ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ يۈزلىنىڭ. سىز ئۆلۈمنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، شۇڭا تەۋبىڭىزنى كېچىكتۈرمەڭ.



[230] بۇخارى رىۋايىتى، 6035 - ھەدىس.

## 4. زاھىدلىق ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان دۇنياغا، شەھۋەتلەرگە ۋە دۇنيادىكى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرگە قىزىقىش توغرىسىدا

ئەگەر ئىنسان ئاللاھقا تەۋبە قىلماقچى بولسا، تەۋبىگە توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ئۇنىڭ دۇنياغا ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە باغلىنىپ قېلىشىدۇر. ھەرقانداق گۇناھتا كۆڭۈلنىڭ شەھۋىتى ۋە لەززىتى بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق لەززەتلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى قوللىنىلىدىغان بولسا، دۇنيا دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان دۇنيانىڭ بۇ خىل لەززەتلىرىدىن زاھىد بولۇپ، دۇنيانىڭ قەلبتىكى ۋە كۆزدىكى شەھۋەتلىرىنى كىچىكلەتمىگۈچە، تولۇق تەۋبە قىلغان بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ ئىنساننىڭ قەلبى دۇنياغا باغلىنىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ۋە شەھۋەتلەرنى تاشلاشتا نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا موھتاج بولمايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، زاھىدلىق ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدىغان ئامىلدۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «دۇنياغا باغلىنىپ قېلىشتىن زاھىد بولساڭ، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن[231]. بۇ دېگەنلىك ئىنسان دۇنيادىن بىر نەرسىنى ياخشى كۆرسە، بۇ نەرسە ئۇنى ئاللاھقا ئىتائەت

---

[231] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، 4102 - ھەدىس. ھەسەن ھەدىس.

قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، قەلبى ئاللاھقا باغلىنىشنىڭ ئورنىغا دۇنياغا باغلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇنىڭدىن قۇتۇلالىسا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ قەلبىگە ئورنايدۇ، ئەگەر ئاللاھ قەلبىڭىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خالىس بولغىنىنى كۆرسە، سىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەگەر ئىنسان دۇنيانىڭ قىممىتىنى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ يوقىلاڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ كىشىلەرنى سىناش ئورنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەقەتلا ۋاستە ئىكەنلىكىنى بىلسە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ۋە مال ـ دۇنياسىنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ چاغدا، بۇ دۇنيانىڭ تارتىش كۈچىدىن، سىناقلىرىدىن ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولىدۇ.

ئىنسان دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىنى ئەسلىگەنسېرى، دۇنيا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاددىي بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ ۋە تارتىش كۈچى ئازلايدۇ. ئىنسان ئاخىرەتنى، ئاخىرەتتىكى ساۋاب، رەھمەت ۋە يېقىنلىقنى ئەسلىگەنسېرى ئاخىرەت ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ ۋە بەدىنى ئىتائەتكە ئاكتىپ بولىدۇ، ھورۇنلۇق قىلمايدىغان بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ بۈيۈك ۋە تۈگىمەس لەززىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ لەززىتىنى تاشلاش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولىدۇ.

زاھىدلىقتىن مەقسەت مال ـ دۇنيانى تاشلىۋېتىش ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقمۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ھېچبىر ئىنسان قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ

بىزنى دۇنياغا موھتاج قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيادىن ھاياتىنى ساقلىغۇدەك دەرىجىدە يېمەك ـ ئىچمەككە، بەدىنىنى يۆگىگۈدەك، ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ھىمايە قىلغۇدەك كىيىم ـ كېچەككە، پاناھلاندۇرغىدەك ئۆيگە ۋە داۋالانغۇدەك دورىلارغا ئوخشاش ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىغا ئېرىشىش ھەققى بار.

زاھىدلىقتىن مال ـ دۇنياغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىدىغان ھالەتنى تاشلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مۇنداق بولغاندا مال ـ دۇنيانى دەپ ۋاجىب ئىشلارنى تاشلاپ قويمايدۇ، شەھۋەتنى دەپ ھارام ئىشقا چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۆزى، ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ خىراجىتىنى بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋاجىب قىلغان ئىقتىسادنى سەرپ قىلىدۇ، پەرز زاكاتنى بېرىدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن چىقىم قىلىدۇ.

ئەگەر ئىنسان مال ـ دۇنياسىغا ئالاقىدار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، ۋاجىب بولغان نەرسىلەرنى تېگىشلىك كىشىلەرگە بەرسە، قالغان قىسمىنى كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ ھالال قىلغان ئورۇنلارغا ئىشلەتسە ۋە مال ـ دۇنياسى ئارقىلىق ۋاجىب ئىشلاردىن مەشغۇل بولۇپ قالمىسا، ئۇ چاغدا، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن زىيانلىق بولمايدۇ ۋە زاھىدلىقتىن كۆزدە تۇتۇلغان تۆۋەن ئۆلچەم بىلەن زىتلىشىپ قالمايدۇ.

مال ـ دۇنيا دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئىنساننىڭ ئاخىرەتلىكىدە پايدا ـ مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، ئۇ چاغدا، دىنىنىڭ

نەزىرىــدە مــال ـ دۇنيانىــڭ ســەلبىي قىياپىتــى قالمايــدۇ، بەلكــى ئــۇ مــال ـ دۇنيــالار ئاخىــرەت ئۇقۇمــى بىلــەن بىرلىشــىپ كېتىــدۇ. رەســۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلــەن خەنــدەك كولاۋاتقانــدا: «ئــى ئالــلاھ! ھەقىقــى تۇرمــۇش ئاخىرەتنىڭ تۇرمۇشــىدۇر، شــۇڭا ئەنســار ۋە مۇھاجىرلارنىــڭ ھالىنــى ئىســلاھ قىلىــپ بەرســىلە» دەپ دۇئــا قىلغــان ئىــدى[232]. خەنــدەك كــولاش دۇنيالىــق ئىــش ـ ھەرىكــەت بولــۇپ، رەســۇلۇللاھ بــۇ ئىــش ـ ھەرىكەتنــى دىــن ئۈچــۈن خىزمــەت قىلدۇرغــان ئىــدى. دىــن ۋە ئاخىــرەت ئۈچــۈن ئىشــلىتىلگەن مــال ـ دۇنيــا دۇنيالىــق ســۈپىتىنى يوقىتىــپ، ئاخىــرەت ھالىتىگــە ياكــى ئاخىرەتلىك ئۇقۇمغــا ئايلىنىپ كېتىدۇ. رەســۇلۇللاھ دۇنيانىــڭ تۇرمۇشــىنى ئاخىرەتنىــڭ تۇرمۇشــى دەپ ئاتىــدى ئەمەســمۇ!

زاھىدلىقنىــڭ ھــەر بىــر مۇســۇلماننىڭ قەلبىــدە بولۇشــقا تېگىشــلىك ۋاجىــب بولغــان تۆۋەن چېكى شــۇكى، دۇنيانى ياكــى دۇنيانىــڭ ھەرقانــداق شــەھۋىتىنى ئاللاھقــا ۋە ئاخىرەتكــە ئىمان كەلتۈرۈشــتىن ئارتــۇق كۆرمەســلىكتۇر. مــال ـ دۇنيانــى ئۇلــۇغ بىلىــپ ئاللاھنىــڭ پەرزلىرىدىــن مەشغۇل بولــۇپ قالماســلىقتۇر، قەلبىنىــڭ مــال ـ دۇنيانــى ياكــى ئۇنىــڭ زىننىتــى ۋە شــەھۋىتىنى دەپ ھــارام ئىشــلار ۋە چــوڭ گۇناھلارغــا ســەۋەب بولىدىغــان دەرىجىــدە دۇنياغــا باغلىنىــپ قالماســلىقىدىن ئىبارەتتــۇر.

ھەرقانــداق كىشــىنىڭ مــال ـ دۇنيــا سۆيگۈســى ئاخىرەتنــى ئىنــكار قىلىشــقا ســەۋەب بولســا، ئــۇ كىشــىدە قىلچىلىــك زاھىدلىــق بولمىغــان بولىــدۇ. ھەرقانــداق كىشــىنىڭ مــال ـ



[232] بۇخارى رىۋايىتى، 6050 ـ ھەدىس.

دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتكە بولغان سۆيگۈسى شەھۋەت ۋە ھارام ئىشلارنى دەپ ئاللاھنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارسا، ئۇ كىشىدە قىلچىلىك زاھىدلىق يوقتۇر ۋە بۇ كىشى دۇنيانىڭ ھەقىقىتىدىن بىر نەرسىنى بىلمەيدىغان كىشىدۇر، ياكى بىلسىمۇ ئۆزىگە ھارام ۋە مۇنكەر ئىشلارنى دۇرۇس قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان كىشىدۇر.

ئاللاھ بۇنداق كىشىلەر توغرىسىدا: «(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ» دېگەن[233]. يەنە: «بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ» دېگەن[234]. يەنە: «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز،

[233] ھۇد سۈرىسى، 15 - 16 - ئايەت.
[234] ئىسرا سۈرىسى، 18 - ئايەت.

ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق» دېگەن[235].

يەنە: «بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگەن[236].

بۇلارنىڭ دۇنياغا بولغان سۆيگۈسى كۈپۈرلۈققا ۋە ئىماننى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارغان. بۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. گەرچە بەزى كىشىلەردە مال - دۇنياغا قىزىقىش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلماستىن چوڭ گۇناھ قىلىش ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلماسلىق دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىشلار تېپىلسىمۇ، ئىماننى ئىنكار قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان كېچىككىنە زاھىدلىق بولسا، بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭغا قارىتىش توغرا بولمايدۇ.

ھەرقانداق كىشىنىڭ مال - دۇنياغا بولغان سۆيگۈسى ئۇنى نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ كىشىدە زاھىدلىقتىن قىلچىلىك ئەسەر يوق دېگەن گەپ. ھەرقانداق كىشىنىڭ تاماكا ۋە يېمەك - ئىچمەككە بولغان قىزىقىشى پەرز روزىنى تاشلاشقا سەۋەب بولسا، ئۇ كىشىدە ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى زاھىدلىق يوق دېگەن گەپ. ھەرقانداق كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ھاياتلىق سۆيگۈسى ئاللاھ پەرز قىلغان جىھادتىن توسۇپ قويغان بولسا، ئۇ كىشىدىمۇ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى زاھىدلىق يوق دېگەن گەپ. شۇنداقلا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاياللارغا بولغان سۆيگۈسى زىناغا چۈشۈپ قېلىشقا

[235] شۇرا سۈرىسى، 20 - ئايەت.

[236] نەھل سۈرىسى، 107 - ئايەت.

ياكى ھارام نەرسىلەرگە قاراپ قىلىشقا سەۋەب بولسا، ئۇ كىشىدە ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى زاھىدلىق يوق دېگەن گەپ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ھاراقتا بولغان خۇمارى ھاراق ئىچىشكە، شۇنداقلا ھەرقانداق ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىشى ھىجابنى تاشلاشقا سەۋەب بولسا، دېمەك، بۇلاردا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى زاھىدلىق يوق بولغان بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق كىشىلەر توغرىسىدا ئاللاھ: «ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېگەن[237]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىدىن توسۇپ قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇنى ئېنىق زىيان دەپ بايان قىلغان. ھەرقانداق كىشى دۇنيانى دەپ ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن مەشغۇل بولۇپ قالسا، بۇ ئىش ئۇ كىشىنى دوزاخ ئازابىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ كىشىدە كۇپۇرلۇق تېپىلمىسا، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن[238].

ئەمما ھەرقانداق كىشىدە زاھىدلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولسا، لېكىن دۇنيا ئۇ كىشىنى نەپلە ئىبادەتلەردىن ۋە ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشتىن مەشغۇل

[237] مۇناپىقۇن سۈرىسى، 9 - ئايەت.
[238] نىسا سۈرىسى، 48 - ئايەت.

قىلىپ قويسا، گاھىدا بەزى مەكرۇھ ئىشلارنى قىلىشقا ۋە دۇنيانىڭ زىننەتلىرىنى ھارام دەرىجىسىگە بارمايدىغان مۇباھ ئىشلاردا ئىسراپ قىلىشقا سەۋەب بولسا، قەلبىي دۇنياغا باغلىنىپ قالمىغان شەرت ئاستىدا، زاھىدلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى ۋە نەپسىنى پاكلاشنىڭ ئەڭ تۆۋەن دائىرىسىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. بىراق ئۇ كىشى بۈيۈك ئەجىر، يۇقىرى ماقام ۋە ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشتىن قۇرۇق قالىدۇ.

ئاللاھ بۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن غەلىبە قىلغۇچىلار دېگەن دۇنياغا بېخىللىق قىلمايدۇ، بەلكى دۇنيانى ئاخىرەت ئۈچۈن قۇربان قىلىدۇ دەپ بايان قىلغان: «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر»[239]. ئاللاھ يەنە ئۇلار توغرىسىدا: «ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر» دېگەن[240]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ئۈچۈن غەنىيمەت بىلىشكە، نەپلە ئىبادەت ۋە زىكىر ـ تەسبىھ بىلەن مەشغۇل بولۇشقا، ھەرگىزمۇ دۇنيا زىننىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئاللاھ يەنە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتتە بىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىش

[239] تاغابۇن سۈرىسى، ـ16 ئايەت.
[240] كەھف سۈرىسى، 46 ـ ئايەت.

ـ ھەرىكەتلەردىن مەشغۇل بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ: «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»[241].

ئاللاھ دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەقدىم قىلالىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى غەنىيمەت بىلىشىمىزگە قىزىقتۇرۇپ: «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز» دېگەن[242]. مانا بۇ كىشىلەر دۇنياغا باغلىنىپ قېلىشتىن ۋاز كېچىپ، جانلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى قۇربان بېرەلىگەن ۋە ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلالىغان كىشىلەردۇر.

ئاللاھ بىزنى دۇنياغا مايىل بولۇپ كېتىشتىن، ئىبادەتلىرىمىز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىز ۋە جىھادلىرىمىز ئارقىلىق مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئاللاھ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقى توغرىسىدا تالاش- تارتىش قىلدىڭلار، ئۇنىڭغا

[241] ئەنئام سۈرىسى، 32 ـ ئايەت.
[242] نىسا سۈرىسى، 74 ـ ئايەت.

بويسۇنمىدىگىلار، بەزىلىرىگىلار دۇنيانى كۆزلىدىگىلار، بەزىلىرىگىلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىگىلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەرنى ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن چېكىندۈردى ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى، ئاللاھ مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[243].

دېمەك، جىھاد دۇنيانىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ يولىدا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا (ئۇچرىغانلارنىڭ مۆمىن ياكى ئەمەسلىكىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار، سىلەرگە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىسلامي سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال - مەنپەئەتىنى كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[244].

دۇنيا ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى پەرز ۋە نەپلە ئىشلارنى قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، ئالدىمايدۇ ۋە پەرۋەدىگارىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويمايدۇ: «كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى، ئۇلارنى دۇنيا

[243] ئال ئىمران سۈرىسى، 152 - ئايەت.
[244] نىسا سۈرىسى، 94 - ئايەت.

تىرىكچىلىكى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)»[245].

ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكەت قىلغانلار دۇنيادىن ئاللاھ ھالال قىلغان ۋە رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنى ئالىدۇ، دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن زىننەت ۋە ھوزۇر ھالاۋەتتۇر، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى توغرا يولدا سەرپ قىلىدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر»، (ئاللاھنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز»[246].

ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى ۋە قورقۇنچىسى كۈچەيگەندە، شەھۋەت ئىنسانىنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە بولغان زاھىدلىق تولۇقلىنىدۇ.



[245] ئەئراف سۈرىسى، 51 - ئايەت.
[246] ئەئراف سۈرىسى، 32 - ئايەت.

## 5. ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەر سۆيگۈسى ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان يامان كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش توغرىسىدا

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېگەن ھېسسىيات ۋە قەلبىي تۇيغۇدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تۇيغۇدا ئىنساننىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە مايىل بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىق ھالىتى نامايەن بولىدۇ. بۇ ھالەتتىن كۆپ ئەسلەش، ئۇچرىشىشنى خالاش ۋە ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىزىقىش دېگەنلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى، نېمەتلىرى، كۆڭۈل بۆلۈشى، ئېھسانلىرى ۋە پايدا ـ مەنپەئەتلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شۈكۈر قىلىش، ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش ۋە بۇ ياخشىلىقنى ئاتا قىلغۇچى زاتقا موھتاجلىقنى نامايەن قىلىش قاتارلىقلارمۇ پەيدا بولىدۇ، چۈنكى ئىنسانغا بۇ ياخشىلىقلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەخلۇق ئاتا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى، پەزلى ۋە خەير ئېھسانىنىڭ مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلسە ۋە بۇ ھەقتە ئويلانسا، ئۇ كىشىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ئېسىلىش، ئۇنىڭغا موھتاجلىقنى ھېس قىلىش، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا، ئىنئاملىرىغا ۋە مەرھەمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش دېگەنلەرمۇ ماس ھالدا كۆپىيىپ بارىدۇ.

ھەرقانداق كىشى بۇ مەسىلىدە ئويلانسا، ئاللاھنىڭ بارلىق ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ھەمدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، چۈنكى ئىنئاملار ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىشىدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىنئاملارنى ياراتقان، رىزىق قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇ كىشىنىڭ باشقىلارغا بىرىشىنى كۆڭلىگە سالغان زات ئاللاھدۇر.

دېمەك، سەۋەب ـ چارە نۇقتىسىدىن، ئاللاھتىن باشقا بىر نەرسە بىرىدىغان ۋە پايدا يەتكۈزىدىغان بىرىنى سۆيۈش دەسلەپكى ئاتا قىلغۇچى، ھەممە ياخشىلىقنى ئىگە بولغۇچى ۋە بارلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاللاھنى سۆيۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناۋادا بىر كىشى سىزگە ئاخىرەتتە ھەقىقى پايدا يەتكۈ- زەلمەيدىغان بىر ھەدىيە بەرگەن بولسا، ئۇ ھەدىيەنىڭ قىممىتى بولمايدۇ ۋە سۆيۈشنى تەقەززا قىلمايدۇ. ئەمما قانداق بىر كىشى سىزگە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پايدىلىق بىر ھەدىيە بەرگەن بولسا، بۇ ھەدىيە ياخشى كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. سىزگە بۇنداق ئىنئامنى بىرىدىغان ۋە ياخشىلىققا يېتەكلەپ قويىدىغان ھەر بىر مۆمىن ياخشى كۆرۈشكە ياكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە لايىق بولىدۇ. مۇنداق پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى بىزنى بارلىق ياخشىلىقلارغا يېتەكلەپ قويغان ۋە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بىزگە ھەقىقى پايدا يەتكۈزىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بەكرەك ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يەنە بىر نەرسىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جامالىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئىلاھلىق ۋە پەرۋەردىگارلىقتا يېگانە بولغان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەممىدىن گۈزەلدۇر ۋە ھەممىدىن بەك چىرايلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، ئەخلاقلىرى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشى، باشقا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىشلىرى مەخلۇقلار ئارىسىدا ھەممىدىن گۈزەل خىسلەتلەردۇر.

مۆمىن كىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياخشىلىقى ئىمانى ۋە ياخشى ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ مىقدارىغا قارىتا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە ياخشىلىق، ئىنئام ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ھەقلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى بەزى كىشىلەرنىڭ شەكلىي گۈزەللىككە قارىغاندا ھەقىقىي گۈزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەكلىي گۈزەللىككە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەقىقىي گۈزەللىك بولمايدۇ، بەلكى خىيالدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى ھەقىقى گۈزەللىككە سىلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسىڭىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈشتە ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ جەلپ قىلارلىق ھالىتىنى تاپالمايسىز. ئۇنىڭ مىسالى شەكلىي ۋە كېيىم ـ كېچەكلىرى جەھەتتىن ئالاھىدە چىرايلىق بولغانلىقتىن دەسلەپتە ياخشى كۆرۈپ قالغان بىلەن، مۇئامىلە قىلغاندا سىزگە يامانلىق قىلىش سەۋەبىدىن سىز يامان كۆرۈپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ۋە قىياپىتى ئۇچۇنلا قىممىتى بار دەپ قارىمايسىز، سۆيگۈ ـ

مۇھەببەتتە تەسىر بىرىدىغانلىقىنى بايقىمايسىز ۋە دەسلەپكى سۆيگۈڭىزنىڭ خىيالىي سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز.

ئەگەر سىز چىرايى سەت، كىيىم - كېچەكلىرى ماسلاشمىغان بىر ئادەمنى كۆرسىڭىز يامان كۆرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسىڭىز، ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق، ئادىل، سېخىي ۋە ياخشى ئىش قىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز ۋە سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭىزنى تەقدىم قىلىدىغان بولۇپ قالىسىز ھەمدە دەسلەپتە ئۇ كىشىنى يامان كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئەمەس، شەكلىي جەھەتتىن خىيالىي ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

ئەگەر سىز بۇ ھەقىقەتلەر ھەققىدە ئويلانسىڭىز، گۈزەللىك ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئەسلىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزدە سۆيگۈ - مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە تەسىرى نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ھەقىقەتلەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە تەسىر قىلغانسېرى ۋە ئۇي خىيالىڭىزنى مەشغۇل قىلغانسېرى، سىزنىڭ ئاللاھقا، رەسۇلۇللاھقا ۋە مۆمىنلەرگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭىز ئاشىدۇ.

ئۇ چاغدا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كېلىدىغان باشقا سۆيگۈ - مۇھەببەت بولمايدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ»[247]، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كېلىدىغان بىرەر مەخلۇقنىڭ سۆيگۈسى بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ

[247] بەقەر سۈرىسى، 165 - ئايەت.

بۇ ھەقتە: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا نىسبەتەن دادىسىدىن، بالىسىدىن ۋە باشقا كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولمىغۇچە ئۇ كىشى مۆمىن ھېسابلانمايدۇ» دېگەن[248]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئائىلىسىدىن، مال - مۈلۈكىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە مۆمىن ھېسابلانمايدۇ» دېگەن[249]. بۇ چاغدا مۆمىن كىشى ھەقىقەتكە ياردەم بېرىدىغان ۋە ھەقىقەت تەرەپتە تۇرىدىغان سۆيۈملۈك كىشىگە ئايلىنىدۇ: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر»[250]، مۆمىنلەرنىڭ بىر - بىرىگە دوست بولۇشى بىر - بىرىنى سۆيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى مۆمىنلەرنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا ھەممىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان كىشىلەردىن بولغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنى قۇرئان ۋە دىننى بىزگە يەتكۈزۈشكە سەۋەب قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى تەربىيىلەپ چىققان، كىممۇ ئۇلاردەك گۈزەل تەربىيەلەنگەن ـ ھە! ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئادىللىقى، راستچىللىقى، ياخشىلىققا ئالدىرايدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن[251]. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىمىز باشقا ھەر دەۋردىكى مۆمىنلەرگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىمىزدىن زىيادە بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇلار بىزگە ياخشىلىق قىلغان ھەم

[248] بۇخارى رىۋايىتى، 15 - ھەدىس.

[249] مۇسلىم رىۋايىتى، 44 - ھەدىس.

[250] تەۋبە سۈرىسى، 71 - ئايەت.

[251] پەتىھ سۈرىسى، 29 - ئايەت. يەنە 18ۋە 20 - ئايەتلەر؛ تەۋبە سۈرىسى، 100 - ئايەتكە قاراڭ.

ئۇلار بىزدىنمۇ ياخشىراق كىشىلەردۇر. شۇڭا، ئۇلارنى سۆيۈش ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى سۆيگەندىن زىيادە بولۇشى لازىم.

قانداق كىشىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ قەدرىنى بىلگەن ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىلەردۇر: «ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ»[252]. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىڭ راست ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇلار ئىمان، ياخشى ئەمەل، ئىتائەت ۋە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتەك بۇ سۆيگۈنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ» دېگەن[253]. ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان سۆيگۈسى ئۇلارنىڭ پاكلىنىشى، دەرىجىلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئاخىرەتتە نېمەت ئاتا قىلىنىشى ۋە ئۇلاردىن رازى بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

قانداق كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى ھەقىقىي سۆيسە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئەخلاق، قىياپەت، ھالەت، دەۋەت، جىھاد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشتا پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مىراسىنى ئۆز زىممىسىغا ئېلىشتا ۋە ئۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىشقا ئىنتىلىدۇ.

---

[252] مائىدە سۈرىسى، 54 ـ ئايەت.

[253] مەريەم سۈرىسى، 96 ـ ئايەت.

## سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى

بۇ دېگەنلىك، مۇسۇلمان قەلبىدە ئەقىل تەقەززا قىلىۋاتقان ئاللاھقا، رەسۇلۇللاھقا ۋە مۆمىنلەرگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنى رەت قىلىشى، شۇنداقلا بۇلاردىن باشقىلارغا بەكرەك مايىل بولۇپ كېتىدىغان بارلىق ئوي - پىكىرلەرنى ئىنكار قىلىشى لازىم، دېگەنلىكتۇر. ئەگەر مۇسۇلمان قەلبىدە ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك مايىلچانلىق ۋە جۇشقۇن ھېسسىيات ھېس قىلمىسىمۇ، لېكىن قەلبىدە ۋە كۆڭلىدە ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈگە ھەقلىق بولىدىغان زاتنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ۋە مەخلۇقلار ئارىسىدا ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈگە ھەقلىق بولىدىغان كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە مۆمىننى ياخشى كۆرۈش لازىملىقىنى بايقايدۇ. مۆمىن كىشى رەسۇلۇللاھنى چوقۇم ياخشى كۆرۈشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا، پەرز خاراكتېرلىك سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ھاسىل بولىدۇ. سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ بۇ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە سەۋەب بولىدۇ ھەمدە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئىتتىرىدۇ، شۇنداقلا مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ.

سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئىتائەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى

ئومۇمىي قائىدىدۇر. ياخشى كۆرگەن كىشىدە مۇشۇنداق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولسىمۇ گاھىدا كىچىك گۇناھلارنى قىلىپ سالىدۇ، بەزىدە چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ سالىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ «ئىشەك» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. بۇ كىشى رەسۇلۇللاھنى كۈلدۈرەتتى، رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم ئۇ كىشىگە ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن دەررە جازاسىنى بەرگەنىدى. كېيىن يەنە بىر قېتىم ھاراق ئىچكەنىدە يەنە دەررە جازاسىنى بەرگەنىدى. شۇ ئەسنادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى: «ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن، نېمىدېگەن جازاغا كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەم بۇ» دەپ بەد دۇئا قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «ئۇنىڭغا لەنەت تىلىمەڭلار، ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن» دەپ نەسىھەت قىلغان[254]. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاراق ئىچكەن ئادەمگە لەنەت قىلىشنى ھارام قىلغانلىقىغا، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ سەۋەب كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا. بولمىسا، ئۇ كىشى ھاراق ئىچىشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن دەررە يېيىشكە، جازاغا ئۇچراشقا تېگىشلىك ئىدى.

ئىنسانىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىدە راستچىل بولۇشى ئۈچۈن كۆڭۈل ئارزۇلىرى ۋە تەبىئىي شەھۋەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنى



[254] بۇخارى رىۋايىتى، 6398 ـ ھەدىس.

ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشتا ئىختىيارلىق بېرىلسە، قەلبىي ۋە كۆڭلىدە قايسى بىرىنى تاللايدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن؟

ئاندىن يەنە دۇنياۋى ئارزۇلىرى ۋە خىيالىي شەھۋەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە كۆڭلىدە قايسى بىرىنى تاللايدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن؟ ئەگەر ئۇ كىشى ئىتائەت يولىنى تاللىسا، ئۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچى كىشىدۇر ۋە ئۇ كىشىدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ راستچىللىق بەلگىسى تېپىلىدىغان كىشىدۇر. بەزى گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ سالغانلىق بۇ سۆيگۈگە زىت كېلىپ قالمايدۇ، بىراق بۇ سۆيگۈ ـمۇھەببەتنى يوقىتىۋەتمەيدۇ، بەلكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن يەنە رىغبەتلىرى، ئويۇن ـ كۈلكىلىرى ۋە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىش، ئۇنىڭ دەۋىتىنى تۇتۇپ مېڭىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە، قايسىنى تاللايدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن؟ ئەگەر ئۇ كىشى مۇباھ لەززەتلىرىگە قارىماستىن دەۋەت ۋە جىھاد قىلىشنى تاللىسا ھەمدە سەمىمىي ۋە راستچىل بولسا، شۇنداقلا دەۋەت قىلىش، جىھاد قىلىش، تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشتىن يۈز ـ ئابروي ياكى دۇنيالىق مەنپەئەت ياكى كۆڭۈلنىڭ نېسىۋىسىنى مەقسەت قىلمىسا، بۇ سۆيگۈ ئەڭ راستچىل سۆيگۈدۇر ۋە تەلەي جەھەتتە ئەڭ يۈكسەكتۇر.

## كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىمانىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى

ئادەتتە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئىككى تۈرلۈك يولى بار.

بىرىنچى يولى: ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلىشى

ئەگەر ئىنسان ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلسا، قەلبى مايىل بولىدىغان ھەقىقىي مەنپەئەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىمىزگە كىمنىڭ ھەقىقىي ئىگە ئىكەنلىكى، قەلبىمىز ۋە كۆڭلىمىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە تېگىشلىك بولغان ئەڭ ياخشى زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ھەقىقەتكە يەتكەن ھامان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ قەلبىي سۆيگۈسىنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە يۆتكەشكە قادىر بولالايدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇخارىدىكى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان ھەدىسنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھقا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلى ماڭا جېنىمدىن قالسىلا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ‹بۇ توغرا بولمىدى، ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ساڭا ئۆز جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىسام ئىمانىڭ كامىل بولمايدۇ› دېگەن. ھەزرىتى ئۆمەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە: ‹ھازىر سىلى ماڭا جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر›، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:

<ئۆمەر، ئەمدى توغرا بولدى (يەنى ئىمانىڭ ئەمدى مۇكەممەل بولدى>» دېگەن[255]. رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندە، ئۇ بۇ مەسىلىگە دەرھال دىققەت قىلىپ، سۆيگۈسىنى شۇ ھامان ئۆزگەرتكەنلىكىگە ۋە بۇيۈك سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى كىمگە بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىگە قاراڭ.

ئىككىنچى يول: كىشىلەردىن بىرنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇ ئارقىلىق بۈيۈك سۆيگۈگە دىققەت قىلىش:

ئىنسان كۆپىنچە ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسىدىن غاپىل بولۇپ قالىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ قالىدۇ، ياكى دۇنيا ۋە دۇنيا سۆيگۈسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ، ياكى ئەقلى كىمنى ياخشى كۆرۈش كېرەكلىكىنى كۆرسەتمەي قالىدۇ. ئۇ كىشى ھاياتىدا گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلانغان، گۈزەل مۇئامىلە قىلىدىغان، راستچىل ۋە ياخشى بولغان بىر ئىنساننى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ياكى توغرا يولدا ماڭىدىغان، سۆزلىرى، ئەخلاقى، مۇئامىلىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى جەلىپ قىلارلىق ياخشى بىر ئۇستازنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، شۇ ئارقىلىق كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ، ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە قەلبى ئۇ كىشىگە باغلىنىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، ئۇ كىشىگە قارىتا كۈندىن كۈنگە سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى ئېشىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنى بىر مەزگىل قەلبىي جەھەتتىن ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقى، گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىنىڭ

[255] بۇخارى رىۋايىتى، 6257 ـ ھەدىس.

ئىسىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى رەسۇلۇللاھقا ئەگەشكەنلىك ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەجرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى ياكى قەلبتىن باغلىنىشى باشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۇستازنىڭ ياخشىلىقىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىقى ئالدىدا ھېچنەرسىگە باراۋەر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك قەلبىدە چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت باغلىغان ئۇستازدىنمۇ بەكرەك رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈسى كۈچىيىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەللىكى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ئىنئامىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ: «ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر»[256]. شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتىگە بولغان باغلىنىشىنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى، گۈزەللىكى، ئىنئاملىرىغا ۋە ئۇنى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈشىنىڭ ۋاجىبلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان قەلبي باغلىنىشى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ ۋە ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىدىنمۇ ئارتۇق بولىدۇ، بەلكى رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈسى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن ئۇستازغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، چۈنكى ئۇستازنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى رەسۇلۇللاھنىڭ پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر، رەسۇلۇللاھنى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھنىڭ پەزلىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

[256] نىسا سۈرىسى، 113 ـ ئايەت.

بۇ نۇقتىدىن، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئۇستازنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بۇنىڭ ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئەھمىيىتىنى بىلەلەيسىز.

بۇ يول ئارقىلىق كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى ياكى قەلبىنى پاكلاش يولىغا كىرگەنلىكىنى بايقايسىز. بىر كىشى قەلبىنى جەلب قىلىۋاتقان بىر كىشىنى بايقىسا، ئۇ ئارقىلىق ئىسلامغا باشلايدىغان يول تاپالايدۇ ياكى ئېھسان، يۈكسەك دەرىجە ۋە يۇقىرى ئەخلاق يولىغا ۋە بۇ يول ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە يول ئالالايدۇ.

ئەگەر سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گۈزەللىككە ياكى ياخشىلىققا ياكى ھەر ئىككىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇ چاغدا گۈزەللىك ۋە ئىماندا باراۋەر بولغان ئىككى كىشىنى تەڭ ياخشى كۆرۈش لازىمدۇر، لېكىن ئىككى كىشىنىڭ بىرى بەكرەك ياخشىلىق قىلغان بولسا، يەنى ئۇنىڭ قولىدا ھىدايەت تاپقان بولسا ياكى ئاللاھقا يېقىنلىشىش يولىغا باشلاپ قويغان بولسا، ئۇ كىشى يەنە بىر كىشىدىن ياخشىلىق جەھەتتە بەكرەك ئالاھىدە بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى كىشى تەڭ دەرىجىدە بولسىمۇ، ئۇ كىشىنى يەنە بىر كىشىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشى تەبىئىي ئىشتۇر. بۇ ۋەجىدىن، بىر ئىنسانىنىڭ ئۇستازىنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشى دۇرۇستۇر، چۈنكى ئۇ كىشى باشقا ياخشى كىشىلەرگە قارىغاندا ئۇستازىدىن بەكرەك پايدىلانغان.

## ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەرگە بولغان سۆيگۈسىنىڭ قارىمۇ - قارشىسى توغرىسىدا

ئاللاھقا بولغان سۆيگۈنىڭ قارىمۇ - قارشىسى يامان كۆرۈشتۇر، يامان كۆرۈش كۆپۈرلۈقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بىز ئىلگىرى ئىماننى توسۇپ قويىدىغان قەلبنىڭ خەتەرلىك كېسەللىرى ھەققىدە توختالغانىدا، بۇ تېمىدا توختالدۇق، شۇنداقلا داۋالاش يوللىرىنىمۇ بايان قىلغانىدۇق.

شۇنىڭدەك قايسىبىر نەرسىنى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كۆرۈپ كېتىش ئاللاھقا بولغان سۆيگۈگە زىت كېلىدۇ، چۈنكى بۇ، ئاللاھتىن باشقا بىر نەرسىنى ئاللاھتىن بەكرەك ئۇلۇغلىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنداقلا ئۇ نەرسىنى ئاللاھتىن بەكرەك مۇھىم ۋە ئاللاھتىن بەك پايدىلىق دەپ خىيال قىلغانلىق سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن، ئۇلۇغلۇقىدىن، سېخىيلىقىدىن ۋە ئىنئاملىرىدىن غاپىل قالغانلىق ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغانلىق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىگە توسالغۇ بولىدىغان بۇ ئىشلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئىنساندا بۇ سۆيگۈگە توسالغۇ بولۇۋالىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى تېمىلاردا سەگەكلىك ۋە زاھىدلىق ھەققىدە توختالغانىدۇق.

ئىنساننىڭ قەلبى دۇنيا، مال - مۈلۈك، شەھۋەتلەر، يۈز - ئابرۇي، رەئىسلىك، مەنسەپ ۋە بۇلارغا ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ قايسىبىرىگە باغلىنىپ قالسا، ئۇ نەرسە ئاللاھقا بولغان سۆيگۈنى كېمەيتىۋېتىدۇ ياكى ئۇ سۆيگۈنى قاچۇرۇپ

قويىدۇ ياكى ئۇ سۆيگۈدىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن قەلب كۆڭۈل تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدىغان بۇ نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشى بۇ ئىشلارنىڭ قىممىتىنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئېغىرلىقىنى بىلسە، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئالداشلىرى ۋە سۆلەتلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىن يوقىلىدۇ، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە ۋە ئاخىرەتتىكى يۈز - ئابرۇي ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى بىلىش دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. بۇ توغرىلىق ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىش، ئاللاھ بۇلاردىن مۇباھ قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بىلىش ۋە قايسى نەرسىلەرنى مۇباھ نەرسىلەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش بۇ مەسىلىدە ياردەمچى بولىدۇ.

قەلب ئاللاھتىن باشقىسىغا باغلىنىپ قالسا، بۇنىڭدىن ئىككىلىنىش، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەش، رىزق غېمى، دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇش ۋە مال - دۇنيا ئۈچۈن ئاچكۆز بولۇشقا ئوخشاش كۆپلىگەن كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كېسەللەر دۇنياغا باغلىنىپ قالغانلىقتىن، دۇنياغا ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن ۋە ئىشىنىشكە تېگىشلىك بولغان ۋە بۇ قورقۇنچلارنى يوق قىلىشقا قادىر بولغان ئاللاھقا ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرمەسلىك ئىنسانىنىڭ نەپسگە، خاھىشىغا، شەيتىنىغا ياكى ئىتائەت قىلىسمۇ پايدا يەتكۈ- زەلمەيدىغان نەرسىلەرگە دوستلۇق ئىزھار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كىشى ھاياتىدا پايدا - مەنپەئەت بېرەلمەيدىغان

نەرسىلەر ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى خىياللارغا تايىنىش، تۈۋەن كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنى چوڭ بىلىپ كېتىش، ئۇلۇغ بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى تۈۋەن كۆرۈش ئىچىدە ئۆتىدۇ. مۇنداق شەخسلەر ياخشى كۆرسىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ئوخشىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا قەلبىي جەھەتتىن باغلىنىپ قالىدۇ، بەزى ئىشلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ، رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ پايدا كەلتۈرمەيدىغان بەلكى زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئۇ ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، بۇ سەۋەبلىك گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ.

مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرمەسلىك ياكى ئۇلارنى كەمسىتىش يامان كۆرۈش، ئۆچ كۆرۈش ۋە ھەسەت قىلىشقا ئوخشاش كېسەللەرنىڭ قەلبكە كىرىشىگە يول ئېچىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ھەمكارلىششقا ھەقلىق بولغان مۆمىنلەر بىلەن ياردەملىشىش ۋە دوست بولۇش ئورنىغا، ياردەم بېرىشكە ھەقلىق بولمىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششقا سەۋەب بولىدۇ.



## ساغلام قەلب سۆيگۈسى بىلەن بىرلىكتە تەبىئىي سۆيگۈ ۋە شەھۋانى سۆيگۈنىڭ بىرلىشىپ قېلىشى

**1. تەبىئىي سۆيگۈ:** ئاللاھ ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ھەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئورۇنلاشتۇرغان سۆيگۈدۇر. ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىمانلىق كىشىلەر بولسا، بۇ سۆيگۈ ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك سۆيگۈ بىلەن بىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئىككى سۆيگۈ بىر ـ بىرى بىلەن زىتلىشىپ قالمايدۇ.

ئەمما ئۇرۇق - تۇغقانلار كاپىر بولسا، ئۇلارنى قەلبىدىن ياخشى كۆرۈش توغرا بولمايدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن كۆڭۈلدىكى ھېسسىيات ھىدايەت قىلىش سۆيگۈسىگە ئايلىنىشى ۋە بۇ يولدا ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن باشقىلاردىن بەكرەك كۈچ چىقىرىلىشى لازىم.

ئىمان سۆيگۈسى بىلەن مۆمىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ياخشى كۆرۈش سۆيگۈسىنىڭ بىر - بىرىگە زىت كېلىپ قالمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى مۆمىنلەر ئارىسىدىكى سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان ھەدىسلەردۇر، چۈنكى بۇ ھەدىسلەر ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا سىلە - رەھىم قىلىش ۋە ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق رىشتىنى چىڭىتىشقا بۇيرۇغان. شۇنداقلا ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ياخشى كۆرۈشكە بۇيرۇغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «‹(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى تىلەيمەن› دېگىن» دېگەن[257]. ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىققا ئىمان بىرلەشسە سۆيگۈ - مۇھەببەتتە تېخىمۇ ئارتۇقچىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ئىمان تېپىلمىسا بۇنداق ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ھەتتاكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ مۆمىن بولغان تۇغقانلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋاجىب بولىدۇ، چۈنكى كاپىر تۇققىنى، ئائىلىسى ۋە جەمەتىدىكىلەردىن بىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن چەكلەيدىغان دەلىللەر بار.

---

[257] شۇرا سۈرىسى، 23 - ئايەت.

كاپىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بولغان ھېسسىيات باشقا ئىشقا قارىغانىدا ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشقا بەكرەك مەركەزلىشىدۇ. چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبىرىنى دەۋىتىنى يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاشقا بۇيرۇپ: «يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر-غىن» دېگەن[258].

كاپىر كىشى يېقىن تۇغقانلاردىن بولسىمۇ ئۇلارنى قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى _ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ _ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)» سۆزىدۇر[259].

شۇنداقلا مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ توغرا بولمىغان ئىشلىرىغا قوشۇلۇشى ۋە بۇ ئىشلاردا ئۇلارغا ياردەم بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر»[260].

ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ياكى دۇنيانى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان سۆيگۈ

---

[258] شۇئەرا سۈرىسى، 214 ـ ئايەت.

[259] مۇجادىلە سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

[260] تەۋبە سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

ـ مۇھەببەتنىڭ ئالدىغا قويغان كىشىگە تەھدىت سالغان: «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ، دېگىن» دېگەن[261].

ئىنسان كاپىر ئاتا ـ ئانىسىنى ئىمانى تۈپەيلىدىن ياخشى كۆرمىسىمۇ ۋە ئۇلارغا ناتوغرا ئىشلاردا ئىتائەت قىلمىسىمۇ، بىراق ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ياخشى ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇلغان: «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)»[262]. ئىنسان كاپىر تۇغقانلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە ياشىسا ۋە ئۇلارغا رەھىمدىل بولسا دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنى قەلبىگە كىرگۈزۈۋالسا بولمايدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ كاپىرلار بىلەن 176

[261] تەۋبە سۈرىسى، 24 ـ ئايەت.

[262] لۇقمان سۈرىسى، 15- ئايەت.

بولىدىغان تۇغقانچىلىقنى بايان قىلىپ: «مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۇغقانچىلىقىم بار، شۇنىڭ ھۆللۈكى بىلەن مۇناسىۋەتنى نەمدەپ تۇرىمەن يەنى شۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مۇناسىۋىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن» دېگەن[263]. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىستە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى بەك كېڭەيتىۋەتمەسلىكنى ئىشارەت قىلىپ ھۆللۈك ۋە شەبنەمگە ئوخشاتقان. ھەدىستىكى «ھۆللۈكى بىلەن» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باغلىقتۇر، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلسا، ئالاقىنى باغلاپ تۇرىدۇ. دېمەك، مۆمىن كىشى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئاڭلىتىش ۋاستىسى دەپ بىلىدۇ.

سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىتائەتكە ۋە ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ. ئەگەر سىز ئاتا - ئانىڭىز ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇلارغا ئىتائەت قىلسىڭىز ۋە ئۇلارغا قوشۇلسىڭىز، بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانلىق كىشىلەر بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ ۋە ئۇلارغا بولغان سۆيگۈنى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈنى ۋە ئىتائەتنى بۇزۇپ تاشلاشقا سەۋەب قىلىسىڭىز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ: «مۇسۇلمان كىشى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلمىغان تەقدىردە ئۇ ئىشنى ياخشى كۆرسۇن ۋە ياكى ياخشى كۆرمىسۇن ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلۇپ قالسا، ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن[264]. يەنە: «گۇناھ

[263] بۇخارى رىۋايىتى، 5644 - ھەدىس.

[264] بۇخارى رىۋايىتى، 6725 - ھەدىس.

بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئىتائەت قىلىش دېگەن ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ» دېگەن[265].

**2. شەھۋانى سۆيگۈ:** بۇ جىنسىي شەھۋەت ۋە لەززەتلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك سۆيگۈدۇر. ئاللاھ بۇ سۆيگۈنى ئەر ـ ئاياللىن باشقىلار ئارىسىدا ھارام قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، مالامەت قىلىنمايدۇ، (جىنسىي تەلىۋىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر» دېگەن[266].

بىر كىشىنىڭ ئايالىدىن باشقا بىر ئايالغا شەھۋەت ھېسسىياتىنى ۋە شەھۋانىي سۆيگۈنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى توغرا بولمايدۇ، شۇڭا ئايالىدىن باشقا ھەرقانداق بىرسىگە بۇ خىل سۆيگۈدە بولسا توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ شەھۋانىي سۆيگۈدۇر ھەمدە بۇنىڭغا مايىل بولۇش ھارامدۇر ۋە قەلبنى ھەقىقىي سۆيگۈدىن مەشغۇل قىلغانلىقتۇر. شۇنىڭدەك ھارام بولىدىغان شەكىلدە قاراش، ھارام يوسۇندا گەپ ـ سۆز، ھارام شەكىلدە ئارىلىشىش ۋە ھارام بولىدىغان شەكىلدە خالىي بىرگە تۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار گۇناھقا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىدە زىناغا ياكى لىۋاتچىلىققا ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىغاي.

توي قىلىش ئۈچۈن سۆز ئېچىپ قويغان ياكى دېيىشىپ قويغان ئايال كىشىنىمۇ شەھۋانىيلارچە ياخشى كۆرۈش،

[265] مۇسلىم رىۋايىتى، -1840 ھەدىس.

[266] مائارىج سۈرىسى، 29 ـ 31 ـ ئايەتلەر.

شـەھۋانىيلارچە تەپەككـۇر قىلىـش ۋە ئۇنىڭغـا شـەھۋانىي ھېسسـىيات بىلـەن مۇئامىلـە قىلىـش توغـرا بولمايـدۇ. مۇنـداق ئەھۋالـلاردا ئـۇ ئايـال بىلـەن تـوي قىلىشـنى ياخشـى كـۆرۈش دۇرۇس بولـدۇ، نىـكاھ ئوقۇلـۇپ بولغاندا شـەھۋانىيلەرچە ياخشـى كۆرسـە دۇرۇس بولـدۇ، ئـۇ چاغـدا شـەھۋانىي تۇيغـۇ دۇرۇسـتۇر. بـۇ تەبىئىـي جىنسـىي تۇيغـۇ ئىنسانىنى ئاللاھنىـڭ بۇيرۇقلىـرى ۋە پەرزلىرىدىـن مەشغۇل قىلىـپ قويمىسـىلا، ئىمانغـا ياكـى قەلبنـى پاكلاشـقا قىلچىمـۇ تەسـىر كۆرسـەتمەيدۇ.

قايسـىبىر كىشى تـوي قىلمىغـان بىـر ئايالغـا كۆيـۈپ قېلىـش بىلـەن سـىنالغان بولسا، ئـۇ كىشـى بـۇ سۆيگۈسـىدە چېكىدىـن ئاشـۇرۇۋەتكەن بولـدۇ. رەسـۇلۇللاھ بـۇ ئىشـنىڭ ئـەڭ ئاددىـي چارىسـىنى بايـان قىلىـپ: «ئاشـىقلىقنى داۋالايدىغـان چـارە تـوي قىلىشـتۇر» دېگـەن[267]. رەسـۇلۇللاھنىڭ بـۇ كۆرسەتمىسـى ئىشـنىڭ چوڭىيىـپ ھـارام ئالاقـە باسقۇچىغا بېرىـپ قالماسـلىقى ياكـى ئـۇ ئىككىيلەننـى بىـر ـ بىرىدىـن ئايرىۋېتىـپ ناچـار پىسـخىكا ھالەتكـە كەلتـۈرۈپ قويماسـلىق ئۈچـۈن، ئاشـىق بولـۇپ قالغانلارنىـڭ تويلىرىنـى قىلىـپ قويۇش ئارقىلىـق ئۇلارغا يـاردەم بېرىشـىمىز ئۈچـۈن بىزگـە قارىتىلغـان ئاگاھلاندۇرۇشـتۇر.

بۇ ھەدىسـنى توي قىلىشـتىن ئىلگىرى ئاشـىق ـ مەشـۇق بولۇپ يۈرسـە ياكى مۇھەببەتلىشىـپ يۈرسـە دۇرۇس بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشـىنىپ قېلىشـقا بولمايـدۇ. چۈنكـى، بـۇ ھەدىسـتىكى كۆرسـەتمە كىشـىلەر بەزىـدە دۇچ كېلىـپ قالىدىغـان ئەمەلىـي سـىناق ئۈچـۈن كۆرسـىتىلگەن ھـەل قىلىـش چارىسـىدىن ئىبـارەت.

---

[267] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، -1847 ھەدىس. سەھىھ ھەدىس.

قايسىبىر كىشى ئۆسمۈرلەر، كىچىك باللار ۋە ساقال چىقمىغان باللارغا ئارىلىشىش بىلەن ياكى ئۇلارغا دەرس بېرىش بىلەن سىنالغان بولسا ياكى ئاياللارغا ئارىلىشىش ياكى ئۇلارغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن سىنالغان بولسا، بۇ جەرياندا كۆڭلىدە ئۇلارغا مايىلچانلىق ۋە سۆيگۈنى بايقىسا، بۇ سۆيگۈگە قاراپ باقسۇن، يەنى بۇ سۆيگۈ ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بولۇۋاتقان تەبىئىي ئىمان سۆيگۈسىمۇ؟ ياكى كۆڭلىدە ئۇلارغا پەيدا بولغان شەھۋەت سۆيگۈسىمۇ؟، بۇنىڭغا قاراپ چىقىشى كېرەك. ئەگەر ئىمان سۆيگۈسى بولسا مەسىلە يوق، لېكىن ئۇ كىشى ئۇلارغا شەرىئەتنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىككىنچى ھالەت بولۇپ قالسا مۇمكىنقەدەر ئۇلاردىن ئايرىلغىنى ياخشى ۋە كۆڭلىنى ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشقا باشلاپ بارىدىغان بۇ مايىلچانلىقتىن پاكلىشى لازىم. بەلكىم ئۇلارغا يەتكۈزۈۋاتقان پايدىدىن كەلگەن مەنپەئەت، يولسىز ھالدا پەيدا بولغان شەھۋەتنىڭ گۇناھىدىن ئاز بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇلار بىلەن ئارىلىششى دۇنيالىق ئۈچۈن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن، ئاخىرەتلىكىنى زىيان تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ كىشى مۇنداق كېسەل مۇھىتلاردىن قۇتۇلۇشقا ۋە يىراق تۇرۇشقا يول ئىزدىشى لازىم. ھەر كىشى ئۆز نەپسىگە قارىتا سەممىي بولسۇن، ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتا داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە، قەلبىنىڭ كېسىلى كېڭىيىپ كېتىدۇ ۋە كۈچلىنىپ كېتىدۇ ھەمدە داۋالىماق قىيىنلىشىپ كېتىدۇ.

## 6. ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ قارمۇ - قارشىسى بولغان ئاللاھنىڭ تەدبىرى ۋە غەزىپىدىن غاپىل قېلىش توغرىسىدا

ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىگە قادىر، ئىنتىقام ئالغۇچى، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىنى باش ئەگدۈرگۈچى، ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغۇچى، تۆۋەن قىلغۇچى، خار قىلغۇچى، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچى، ھەممىدىن كۈچلۈك، قاتتىق جازالىغۇچى، ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن غالىب، ھېچبىر مەخلۇق تەڭ كېلەلمەيدىغان زاتتۇر.

ئاللاھنىڭ بۇ سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش بەندىدە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۇيغۇ پەيدا بولغاندا بەندە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەدەبلىك بولىدۇ، زىكىر قىلىدۇ، بويسۇنىدۇ، ھەزەر ئەيلەيدۇ ۋە سەگەك بولىدۇ.

ئاللاھ ئىنساننى ياراتتى ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى، ئەگەر ئىنسان ئاللاھقا ئىتائەت قىلسا ئامانلىققا ئېرىشىدۇ، ئەگەر ئاسىيلىق قىلسا ئۆزىنى ئازاب، قىيىنچىلىق، جازالاش ۋە جەھەننەمگە دۇچار قىلىدۇ.

ئاللاھ بىزنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغ بىلىشىمىزگە، ئۇنىڭدىن قورقۇشىمىزغا ۋە ئەنسىرىشىمىزگە بۇيرۇغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ

ئازابى ۋە جازالىشىغا ئۇچراشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر» دېگەن[268]. يەنە: «مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن[269]. يەنە: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك - شۈبھىسىز قاتتىقتۇر» دېگەن[270]. يەنە: «ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ» دېگەن[271].

قۇرئان كەرىمدە بىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن، دوزىخىدىن، غەزىپىدىن ۋە جازاسىدىن قورقۇتىدىغان كۆپ ئايەتلەر كەلگەن. شۇنداقلا قورقۇشنى ۋاجىب قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. مەسىلەن، ھېساب ئېلىش، مەھشەرگاھ مەيدانى، سوراق قىلىش، دوزاخقا كىرىش، ئاللاھنىڭ غەزىپى، دوزىخى ۋە ئازابىغا تېگىشلىك بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرگە ئوخشاش.

ئاللاھ بىزگە ئاللاھتىن قورققان كىشىنىڭ جەننەتكە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار»[272]. يەنە: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت

[268] بەقەر سۈرىسى، 255 - ئايەت.
[269] بەقەر سۈرىسى، 40 - ئايەت.
[270] بۇرۇج سۈرىسى، 12 - ئايەت.
[271] ئال ئىمران سۈرىسى، 28 - 30 - ئايەتلەر.
[272] رەھمان سۈرىسى، 46 - ئايەت.

بولىدۇ»[273]. مانا بۇ ئايەتلەر ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ قەلبكە مۇناسىۋەتلىك پەرزلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر پەرز ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر، چۈنكى بۇ جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتىدۇر.

رەسۇلۇللاھ بىزگە ئاللاھنى تونىغان كىشىنىڭ ئاللاھدىن قورقۇپ كۈلكىسىنىڭ ئازىيىپ، يىغىسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئەگەر سىلەر مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار» دېگەن. ئەنەسنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ ۋاقىتتا ساھابىلەر يۈزلىرىنى يۆگەپ ھۆركىرەپ يىغلىشىپ كەتكەن»[274]. يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ: «مەن سىلەر كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىمەن، سىلەر ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلايمەن، ئاسمان غىچىرلاپ كەتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ غىچىرلاپ كېتىشى توغرىدۇر، چۈنكى ئاسماندا تۆت بارماقچىلىك ئورۇن بولسىلا، ئۇ ئورۇندا بىر پەرىشتە ئاللاھقا سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھقا قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن بولساڭلار ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان، كۆرپىلەردە ئاياللار بىلەن لەززەتلىنىپ يۈرمىگەن ۋە مەيدانلارغا چىقىپ ئاللاھقا يالۋۇرغان بولاتتىڭلار» دېگەن[275].

رەسۇلۇللاھ بىزگە ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن: «ئەيىب -

---

[273] نازىئات سۈرىسى، 40 - 41 - ئايەتلەر.

[274] بۇخارى رىۋايىتى، 4345 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2359 - ھەدىس.

[275] تىرمىزى رىۋايىتى، 2121 - ھەدىس؛ ئىبنى ماجە رىۋايىتى، 2312 - ھەدىس.

نۇقساندىن خالىي، مۇكەممەل بولغان ئاللاھنىڭ كالامى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، جازالىشىدىن ۋە بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ئامانلىق تىلەيمەن، شۇنداقلا شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىۋېلىشىدىن ئامانلىق تىلەيمەن» دەپ ئامانلىق تىلىشىمىز ھەققىدە تەلىم بەرگەن[276]. يەنە: «سىلىنىڭ مېنى خاتىرجەم قىلىشلىرى ئارقىلىق جازالىرىدىن ئامانلىق تىلەيمەن» دېيىشنى تەلىم بەرگەن[277].

ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى ئىنسانىنىڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلىشىدۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «كىم ئاللاھتىن قورقسا كېچىدە ئىبادەت قىلىدۇ، كىم كېچىدە ئاللاھقا ئىتائەت ئىشلارنى قىلسا مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ مېلى قىممەتلىكتۇر، ئاللاھنىڭ مېلى جەننەتتۇر» دېگەن[278]. مۆمىن كىشى قىممەتلىك جەننەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قورقۇشى ئاشقانسېرى تىرىشچانلىقى ۋە ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئېشىپ بارىدۇ.

مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك قورقۇنچنىڭ تۆۋەن چېكى شۇكى، مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە پەرز ۋە ۋاجىب ئىشلارنى قىلمىسا ياكى ھارام ئىشلارنى قىلىپ سالسا، جازالىنىشتىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىنىڭ تېپىلىشىدۇر. ئەگەر قەلبتە

---

[276] تىرمىزى رىۋايىتى، 3528 ـ ھەدىس؛ ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى 3893 ـ ھەدىس.

[277] مۇسلىم رىۋايىتى، 486 ـ ھەدىس.

[278] تىرمىزى رىۋايىتى، 2450 ـ ھەدىس.

ئەنسىرەش، چوڭ گۇناھ ۋە ئاسىيلىققا چۈشۈپ قېلىشتىن پەرىشان بولۇش، پەرز ئىشلارنى قىلماسلىقتىن كۆڭلى يېرىم بولۇشقا ئوخشاش تۇيغۇلار تېپىلسا، بۇ قەلبتە قورقۇشتىن ئىبارەت قەلبىي سۈپەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى تېپىلغان بولىدۇ ۋە بۇ قورقۇنچنىڭ تەسىرى ئىنساننىڭ پەرز ئىشلارنى قىلىش ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىقىدا نامايەن بولىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئۇنى ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ قېلىشتىن توسۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىدە ئاللاھنىڭ ئۇنى ئىماندىن ياكى ئىتائەتتىن توسۇپ قويۇشتىن ياكى ئۇنىڭ قەلبىنى باتىلغا ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن ئەنسىرەيدىغان ھالەت تۇغۇلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن قورقمامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن قورقمايدۇ» دېگەن[279].

رەسۇلۇللاھ دۇئا قىلغاندا: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى زات! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى[280]. يەنە: «يېگانە بولغان ئاللاھقا قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ جەننەتكە كىرىشكە بىر گەز قالغاندا، تەقدىرى ئىلگىرى كېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىۋېرىپ

[279] ئەئراف سۈرىسى، 99 - ئايەت.

[280] مۇسلىم رىۋايىتى، 2654 - ھەدىس.

دوزاخقا كىرىشكە بىر گەز قالغاندا، تەقدىرى ئىلگىرى كېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن[281].

كىم ئاللاھتىن سەممىي قورقسا، ئۇ كىشىنىڭ سەزگۈرلۈكى، ئويغاقلىقى ۋە ھەقىقەتنى ئەسلىشى توغرا بولىدۇ ۋە ھىدايەتكە ھەقلىق بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھتىن (قورققان) ئادەملا ئەسلەيدۇ» دېگەن[282]. يەنە: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ» دېگەن[283]. يەنە: «سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساۋاب (يەنى جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دېگەن[284].

ئىنساندا قورقۇش تۇيغۇسى بولمىسا، ئۆزىنى پاكلاش ۋە ياخشىلىق ھەققىدە ئىزدىنىش روھي ئەمەلگە ئاشمايدۇ. كىمكى كۆڭلىدە ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى تاپالمىسا، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن سەۋەب ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ: «سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن

---

[281] بۇخارى رىۋايىتى، 3036 ـ ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2643 ـ ھەدىس.

[282] ئەئلا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

[283] نازىئات سۈرىسى، 26 ـ ئايەت.

[284] ياسىن سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن» دېگەن[285]. كىمكى ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئىنتىلسە، ئۇرۇنسا، قورقسا ۋە كەمتەر بولسا، غاپىل قالمىسا ياكى تەكەببۇرلۇق قىلمىسا، ئۇ كىشى بىلىم - مەرىپەت ئېلىشقا ۋە نەپسىنى پاكلاشقا لايىق كىشى بولغان بولىدۇ. شۇڭا، بىرەر پەيغەمبەر ياكى بىرەر ئالىمنىڭ ئۇنىڭدىن مەشغۇل بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىشى توغرا بولمايدۇ.



[285] ئەبەسە سۈرىسى، 8 - 10 - ئايەت.

## 7. ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش توغرىسىدا

ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە، ئاللاھنىڭ مېھرىبان، شەپقەتلىك، كۆيۈمچان، گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئەپۇ قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشى، مۆمىن كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئىنئامى، پەزلى ۋە گۇناھلارنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. مۆمىن كىشى بۇ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى، گۇناھلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى، ھەقىقەت ۋە توغرا يولدا تۇرغۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھالى ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ. بىراق ئۇ بۇلارنى قەلبىدىلا كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ياخشى ئىشلىرى، ئىتائەتلىرى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىق، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش، گۇناھ قىلىپ سالغان بولسا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، ئەپۇ قىلىشىغا ۋە پەزلىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ ئۇنى قەلبىدىكى ئۈمىد ۋە ئاللاھ ھەققىدىكى ياخشى ئويىدا بولۇش سەۋەبلىك ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ، ئىشلىرىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ، دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا پەزلىدىن ۋە جەننىتىدىن ئاتا قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئاللاھ ھەققىدە ئۈمىدۋار بولىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھىم قىلىپ ئۇنى ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىشىنى، ئەجىر ئاتا قىلىشىنى ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىدىن ئۇنى قىلغان ئىشلىرىدىن زىيادە ھالدا ھۆرمەتلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر» دېگەن[286].

ھەرقانداق كىشىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىن تۇرۇش ئۈمىدى بولمىسا، ئۇ كىشىدە ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش تۇيغۇسى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىدىغان، تەمە قىلىدىغان ۋە قىلغان ئىشىغا قارىتا ساۋاب كۈتىدىغان ئىشمۇ بولماي قالىدۇ. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكەت قىلسۇن؟ شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ بىزنى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە يېقىنلىقىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە جەننىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىدىن باشقىسى رەسۇلۇللاھقا ئەگىشەلمەيدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن.



[286] فاتىر سۈرىسى، 29 ـ، 30 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دېگەن[287].

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى ھەققىدە ئۈمىدۋار بولۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ۋەدىلىرىنى بىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان نەرسىلىرىنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ نىشانى ئۇنى تەلەپ قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى توغرىسىدا: «ئۇلار ئۆز ـ ئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ» دېگەن[288]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەللىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر» دېگەن[289].

قەلبىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشى ۋە كۈتۈشى ئىش ـ ھەرىكەتسىز قولغا كەلمەيدۇ، ئىش ـ ھەرىكەتسىز



[287] ئەھزاب سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[288] پەتھ سۈرىسى، 29 - ئايەت.
[289] ھەشر سۈرىسى، 8 - ئايەت.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى كۈتۈش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەنسىتمىگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ياخشىلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلغىلى بولسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئەمەل قىلىشنى توغرا ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بايان قىلغان: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[290]. خۇددى بۇ ئايەت ئۇلار ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۈمىد قىلىدۇ، ئۈمىد دېگەن ئىش ـ ھەرىكەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەۋاتقاندەك ياكى قايسى كىشىدە ئىمان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئىتائەت خاراكتېرىدىكى ئىشلار تېپىلسا، بۇ ئۈمىد شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن دەۋاتقاندەك.

ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى: «ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېگەن ئايىتى ئۈمىدنىڭ مۇشۇلاردا ئىكەنلىكىنى يىغىنچاقلىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر بۇلاردا ئۈمىد تېپىلغان بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت بولمىسا، ھەقىقىي ئۈمىد ئىگىلىرى بولالمايدۇ، بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشى ۋە كۈتۈشىمۇ توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشقا لاياقىتى يوق كىشىلەردۇر.

ئاللاھ ئۈمىدۋار بولىدىغان كىشىلەرنى ئىخلاس بىلەن ئىش

[290] بەقەرە سۈرىسى، 218 ـ ئايەت.

ـ ھەربىكەت قىلىشى كىبرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ: «كىمكى، پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن» دېگەن[291].

بۇ ئىش ـ ھەربىكەت قىلمايدىغان كىشىلەردىن رەھمەت، ئۈمىدۋارلىق ۋە تەۋبە قاتارلىقلارنىڭ توسۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئىماننىڭ ئۆزى ئىش ـ ھەربىكەتتۇر، ئاللاھ ئىمان ئەھلىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن. ھەزرىتى جابىرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر سەھرالىق كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! جەننەت ۋە دوزاخنى ۋاجىب قىلىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «كىم ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ، كىم ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن[292].

بۇ ھەدىس كاپىرنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغانلار ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن نائۈمىد بولدى. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[293].

گەرچە ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشى

[291] كەھف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت.

[292] مۇسلىم رىۋايىتى، 93 ـ ھەدىس؛ بۇخارى رىۋايىتى، 1181 ـ ھەدىس.

[293] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلالىسىمۇ، بىراق پەقەتلا ئىمانغا تايىنىۋېلىپ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قىلماسلىقى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئىمان ئىبادەتلەرگە يۈزلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ، سىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشىڭىز ئۈچۈن ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرگە قىزىقىشىڭىز كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتىمنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن» دېگەن[294]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە رەھمىتىنىڭ ئىمان بىلەن پەرزلەرنى بىرلەشتۈرگەن كىشىلەرگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

كىمكى ئاللاھتىن غاپىل قالسا، ئاسىيلىق قىلسا ۋە شەھۋەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان بولىدۇ. ئاللاھ بۇ سۈپەتلەر بار كىشىدە ئۈمىد تېپىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلاردۇرـ ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ» دېگەن[295].

سىزنىڭ گۇناھىڭىز ئۈمىدسىز بولۇشقا سەۋەب بولۇپ

[294] ئەئراف سۈرىسى، 156 ـ ئايەت.
[295] يۇنۇس سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەت.

قالسا بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى كەڭدۇر»[296]. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا قەسەمكى، سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ ۋە گۇناھ قىلىدىغان كىشىلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئۇلار ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن[297]. بەندىنىڭ مەغپىرەتكە قارىتا ئۈمىد ئارزۇسى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىر بەندىنىڭ تەۋبىسىنى جېنى چىقىپ كەتمىسىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن[298].

ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر بىر نەرسىگە قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلماننىڭ ئاللاھتىن كۈتىدىغان ئۈمىدى كاپىرلارنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىدىن ئاز بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئاللاھ مۆمىنلەر توغرىسىدا: «دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[299].

---

[296] نەجىم سۈرىسى، 32 - ئايەت.

[297] مۇسلىم رىۋايىتى، 2749 - ھەدىس.

[298] تىرمىزى رىۋايىتى، 3537 - ھەدىس. سەھىھ ھەدىس.

[299] نىسا سۈرىسى، 104 - ئايەت.

ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە، ئاللاھنىڭ بەندە ئىتائەت قىلسا رەھىم قىلىدىغانلىقىغا ۋە تەۋبە قىلسا گۇناھلىرىدىن ئۆتۈۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇر. بۇ ئىشەنچ ئۇنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ خىيالىغا ئاللاھنىڭ رەھىم قىلمايدىغانلىقى كەلسە، بۇ ئاللاھنىڭ ئاجىزلىقى ۋە رەھمىتىنىڭ ئازلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ رەھىمدىل، مەرھەمەتى كەڭرى ۋە ھەممە نەرسىگە قادىر زاتتۇر. ئىنسان بۇ ئاجىزلىقنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى، ئۆزى ھەققىدە گۇماندا بولۇشى، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنىڭ سەممىي بولمىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشى لازىم. ئىنساننىڭ ئۆزىدىن گۇمان قىلىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لاياقەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئويدا بولۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئۈمىد قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھالدا ئىنسان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولىدىغان باسقۇچقا بېرىپ قالمايدۇ.

ئۈمىدنىڭ بۇ ئەڭ تۆۋەن چېكىنىڭ تەسىرى ئىمان ئېيتىش، پەرز ئىشلارنى قىلىش، ھارام ۋە چوڭ گۇناھلارنى قىلماسلىقتەك ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە نامايەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇپ پەرزلەردىن بىرەر پەرزنى تاشلاپ قويمىسۇن، گۇناھ قىلىپ سالغان بولسا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇپ تەۋبە قىلىشنى تاشلاپ قويمىسۇن. ئىنسان ھەرقانچە گۇناھ قىلىپ سالغان

بولسىمۇ، تەۋبە دەرۋازىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر زامان ئوچۇقتۇر. شۇڭا، ئۇ پەرۋەردىگارىدىن ئۈمىدۋار بولسۇن، تەۋبىسىدە، ئاللاھ تەرەپكە قايتىشتا ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىشتە سەمىمىي بولسۇن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن[300].

## ئۈمىدنىڭ قارىمۇ - قارشىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھتىن ئۈمىدسىز بولۇش ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈشنىڭ سەۋەبى ئاللاھنىڭ ئەپۇچانلىقى، رەھىمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى بىر ھالەتتىن ياخشى بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىدە قىسمەن شەكلىنىشنىڭ بارلىقىدۇر. بۇ ۋەجىدىن، ئۈمىدسىزلىك گۇناھلاردىنمۇ خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ گۇناھلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشى گۇناھلىرىدىنمۇ يامان نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىنساننىڭ گۇناھلىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر، بىراق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىدىن



[300] زۇمەر سۈرىسى، 53 - ئايەت.

ئۈمىدسىز بولۇش ئازغۇنلۇق بولۇپ، بەزىدە كۇپۇرلۇققا باشلاپ بارىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىبراھىم: <پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟> دېگەن»[301]. يەنە: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ» دېگەن[302]. دېمەك، ئۈمىدسىزلىك مۆمىنلەرگە ياراشمايدىغان بىر ھالەتتۇر.

ئەگەر سىزگە ئاللاھتىن، ئۇنىڭ ئەيۇچانلىقىدىن، رەھمىتىدىن ۋە ئىنئامىدىن ئۈمىدسىز بولۇش تۇيغۇسى كېلىپ قالسا، سىز ئاللاھنىڭ مەرھەمەتلىك سۈپەتلىرىنى، ئىنئاملىرىنى، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە ۋەسۋەسە قىلىشلىرىغا قانداق رەددىيە بەرگەنلىكىنى ئەسلەڭ. سىز شەيتاننىڭ سىزنى ئىش-ھەرىكەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە بوشاشتۇرۇش ھەمدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى ھەققىدە سىزنى شەككە چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىدەك مەقسەت-مۇرادلىرىغا ماسلاشماڭ.

## قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ بىر بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا

ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن غالىب، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغانلىقى، ھەممىدىن ئىنتىقام ئالالايدىغانلىقى ۋە قاتتىق جازالىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ئۇنىڭ بۇ ئىمانى ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويسا توغرا

[301] ھىجىر سۈرىسى، 56 - ئايەت.
[302] يۈسۈپ سۈرىسى، 87 - ئايەت.

بولمايدۇ، بەلكى بۇ ئۇنىڭ گۇناھلارنى تاشلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى كېرەك.

ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن بىلەن، لېكىن ئاللاھنىڭ ئەپۇچان، مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىمدىل سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۈمىدسىزلىك ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە بولغان ئىمانىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەپۇچان، رەھىمدىل ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى قاتارلىق سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ ھەر تۈرلۈك تەدبىرلىرىدىن غاپىل قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالسا بولمايدۇ. بۇ سۈپەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ ھەممىدىن غالىپ كەلگۈچى، ئىنتىقام ئالغۇچى ۋە ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئىبارەت سۈپەتلەرگىمۇ ئىمان كەلتۈرگەندە، ئاللاھنىڭ تەدبىرلىرىدىن غاپىل قالماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاللاھنىڭ تەدبىرىدىن غاپىل قېلىشقا ئوخشاش بىھۇدە نەتىجىلەر توغرا ئېتىقادتىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ئىمانىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن ئالىملار «قورقۇش ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ بىرى بولۇپ يەنە بىرى بولمىسا، توغرا بولمايدۇ» دەپ چۈشەنگەن. ئۇنداق بولمىغاندا، خەتەر ۋە چەكلەنگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئالىملار ئۈمىدۋارلىق ۋە قورقۇشنى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاتقان، ئەگەر بۇ

قوْشنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ بىرى كېسىلىپ كەتسە، قۇش چوشۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇچالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋارلىق بىرلەشمىسە ئىمان يۈكسەلمەيدۇ ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىش شەكىللەنمەيدۇ.

ئاللاھ بىزنىڭ خاتا ھالەتكە چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋار بولۇشنى تەڭ ئەسلەتكەن. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» دېگەن[303]. يەنە: «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)» دېگەن[304].

ئاللاھ مۆمىنلەرنى قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋارلىقنى بىرلەشتۈرىدۇ، دەپ سۈپەتلىگەن: «ئۇلار دۇئا قىلغاندا پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن يېقىنچىلىق تىلەيدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر» دېگەن[305]. يەنە: «(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن)

[303] ئەئراف سۈرىسى، 167 - ئايەت.
[304] شۇرا سۈرىسى، 30 - ئايەت.
[305] ئىسرا سۈرىسى، 57 - ئايەت.

قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)>. ئېيتقىنكى، <بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ>» دېگەن[306].

رەسۇلۇللاھ قورقۇش بىلەن ئۈمىدنى بىرلەشتۈرگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەن: «بىر بەندە گۇناھ قىلىپ سالغاندىن كېيىن، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا، دېگەندە، ئاللاھ ئۇ كىشى ھەققىدە: مېنىڭ بەندەم ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغان ۋە جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋەتتىم، دېگەن. ئاندىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بەندە يەنە گۇناھ قىلىپ سېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھ قىلىپ سالدىم مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۋەتكەيلا، دېگەندە، ئاللاھ ئۇ كىشى ھەققىدە: مېنىڭ بۇ بەندەم گۇناھنى كەچۈرۈپ ۋە جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋەتتىم، دېگەن. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر گۇناھ قىلىپ سېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم، مەن يەنە بىر گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنى كەچۈرۋەتكەيلا دېگەندە، ئاللاھ ئۇ كىشى توغرىسىدا: بەندەم گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ

[306] زۇمەر سۈرىسى، 9 - ئايەت.

بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتىم، خالىغىنىنى قىلسۇن، دېگەن»[307]. بۇ مۇشۇنداق ھالەتتە بولسىلا خالىغىنىنى قىلسۇن، ھەر قېتىم بىر گۇناھ قىلغىنىدا ئاللاھتىن قورقۇپ ۋە ئۈمىدۋار بولۇپ مەغپىرەت تىلىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمان بۇ دائىرىدە توختاپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ئاسىيلىق قىلىش يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، نەپسىنىڭ تېخىمۇ پاك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم.

رەسۇلۇللاھ بىزگە بەندىدە قورقۇنچ بىلەن ئۈمىدۋارلىقنىڭ بىرگە تېپىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسلىتىپ: «ئەگەر مۆمىن كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى جازانى بىلگەن بولسا ئىدى، ھېچكىم جەننەتنى ئارزۇ قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر كاپىر ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى رەھمەتنى بىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ جەننىتىدىن ئۈمىدسىز بولمىغان بولاتتى» دېگەن[308].



[307] بۇخارى رىۋايىتى، 7068 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2758 - ھەدىس.

[308] مۇسلىم رىۋايىتى، 2755 - ھەدىس.

## 8. ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان تۇزكورلۇق توغرىسىدا

ئاللاھ ھەر بىر مەۋجۇدىيەتنى ياراتقۇچى زاتتۇر، ھەر بىر مەخلۇقنىڭ ئىگىسىدۇر، بەندىلىرىگە خالىغىنىنى بەرگۈچىدۇر، ئۇ زات رىزىق ئاتا قىلغۇچى بولۇپ، خالىغان كىشىگە رىزىقنى كەڭ بېرىدۇ، رىزىق ۋە نېمەت ئۇ زات تەرىپىدىن كېلىدۇ، مەخلۇقلار پايدىلىنىۋاتقان ھەرقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ يارىتىشىدىن كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنى يارىتىپ بەرگەن ۋە نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ» دېگەن[309]. يەنە: «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ



---

[309] لوقمان سۈرىسى، 20 - ئايەت.

بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (روشەن) دەلىللەر بار» دېگەن[310].

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە رىزىقلىرىنى مەخلۇقلىرىغا بېرىشمۇ ھېكمەت ۋە ئۆلچەم بىلەن بولىدۇ، ئۇنى توسۇپ قويۇشى (يەنى بەرمەسلىكى)مۇ ھېكمەت ۋە ئۆلچەم بىلەن بولىدۇ، ئۇ بەندىلىرىنى ھەممىدىن بەكرەك بىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ بەندىلىرىدىن قايسى ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنى تار قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن[311]. يەنە: «شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن[312].

كائىناتتىكى، ئۆزىمىزدىكى ۋە ئەتراپىمىزدىكى بارلىق نېمەتلەر ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرىدۇر. ئاللاھ بۇ نېمەتلەرنى بىز ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ۋە تەييارلاپ بەرگەن، ئاندىن بىزنى ياراتقان، بىز ئۇ نېمەتلەرنى تاپقان: «ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى»[313]. ئاندىن ئاللاھ بىزنى ئۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقى ۋە بىزگە

[310] جاسىيە سۈرىسى، 12 - 13- ئايەتلەر.
[311] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 62 - ئايەت.
[312] ئىسرا سۈرىسى، 30 - ئايەت.
[313] ئىبراھىم سۈرىسى، 34 - ئايەت

ئىنئام قىلغانلىقىدىن خەۋەردار قىلغان: «سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن»[314].

بۇ نېمەتلەر بىز ئۇچۇن بېرىلگەن ئىنئاملاردۇر، ئاللاھ بىزدىن بۇ نېمەتلەرنى توسۇپ قالمىدى، لېكىن بىزدىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق شۈكۈر قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار» دېگەن[315]. ئاللاھ بىزنى سىناش ئۇچۇن ياراتقان بەزى نىجىس نەرسىلەردىن توسقان: «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[316].

ئاللاھ بىزگە بۇ كائىناتتا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نېمەتلەر بىزنىڭ تەشەككۇر ئېيتىشىمىزنى، ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى، ئۇنىڭ ئىنئاملىرى بىلەن خۇرسەن بولۇشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى زېمىندا يەرلەشتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مۇشۇنداق نېمەتلىرى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر» دېگەن[317].

ئاللاھ بېخىللىقتىن ياكى كەمچىللىكتىن تار قىلىپ قويمايدۇ

[314] نەھل سۈرىسى، 53 - ئايەت .
[315] بەقەر سۈرىسى، 172 - ئايەت.
[316] ئەئراف سۈرىسى، 157 - ئايەت.
[317] ئەئراف سۈرىسى، 10 - ئايەت .

ياكى سىقىپ قويمايدۇ، چۈنكى ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر ئاللاھقا تەۋەدۇر، ئۇ خالىغان نەرسىنى يارىتىشقا ۋە خالىغان نەرسىنى بېرىشكە قادىر زاتتۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ئۆلچەملىك ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۆلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز). قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز» دېگەن[318].

ئاللاھ بىزنى تاقىتىمىز يەتمەيدىغان دەرىجىدە شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغىنى يوق. شۇڭا، ئاللاھ سىزدىن نېمەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئىرادە قىلمايدۇ، چۈنكى سىز ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ بولالمايسىز. ئاللاھ سىزدىن ئۇنىڭ پەزلىنى ئېتىراپ قىلىشىڭىزنى ۋە نېمەتلىرىگە ھەمدۇ - سانا ئېيتىشىڭىزنى ئىرادە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ، بىر بەندە يېمەك - ئىچمەكنى يەپ ۋە ئىچىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتسا، رازى بولىدۇ» دېگەن[319].

مۆمىن كىشى ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا شۈكۈر

[318] ھىجىر سۈرىسى، 19 - 21 - ئايەتلەر.

[319] مۇسلىم رىۋايىتى، 2734 - ھەدىس.

ئېيتىدۇ، سىرتقى كۆرۈنۈشىدە قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر سىناق بولسىمۇ شۈكۈر ئېيتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتتىن باشقىنى قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «تەقۋادارلارغا: ‹پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبەرگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى› دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!» دېگەن[320]. شۇڭا، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئۆلچەملەر ۋە ئاللاھ يولغا قويغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر. سىناقلار بىز ھېكمىتىنى چۈشىنەيلى ياكى چۈشەنمەيلى، بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى بىلسەك ۋە ئۇنىڭغا باش ئەگسەك سىناق بىزنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈش ۋە سىناپ بېقىش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. شۇڭا، سىناقلارغا شۈكۈر ئېيتقان مۆمىننىڭ ئەجرى كاتتا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ  بۇ ھەقتە: «بىر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: ‹سىلەر مېنىڭ بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟› دېگەندە، ئۇلار: ‹شۇنداق› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ : ‹بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟› دېگەندە، ئۇلار: ‹شۇنداق› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ: ‹بەندەم بۇنىڭغا نېمە دېدى› دەپ سورىغاندا، ئۇلار: ‹ئۇ بەندەڭ ساڭا ھەمدۇ - سانا ئېيتتى ۋە ھەممىمىز سېنىڭ مۈلكىمىز دېدى› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ: ‹مېنىڭ بۇ بەندەمگە

[320] نەھل سۈرىسى، 30 - ئايەت.

جەننەتتە بىر ئۆي ھازىرلاڭلار ۋە ئۇنى ھەمدۇ ـ سانا ئۆيى دەپ ئاتاڭلار» دەيدۇ » دېگەن[321].

ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىشى ئىبادەت قىلمىغۇچە ۋە تەقۋا بولمىغۇچە تولۇق بولغان بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل، قەلب ۋە بەدەننى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە قوللانسا شۈكۈر ئېيتقان بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن[322]. يەنى تەقۋا بولۇش ئارقىلىق شۈكۈر ئېيتالايسىلەر. يەنە: «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىتائەت خاراكتېرلىك ئەمەللەرنى قىلىڭلار» دېگەن[323]. يەنە: «بەلكى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دېگەن[324] يەنى ئىبادەت ئارقىلىق شۈكۈر قىلغىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق ئەمەس، دەپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پەزلى ۋە ئىنئاملىرى كۆپتۇر، بۇ نېمەتلەر ئىنساننىڭ بارلىق ھاياتىدا ۋە ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

[321] تىرمىزى رىۋايىتى، 1021 - ھەدىس .
[322] ئال ئىمران سۈرىسى، 123 - ئايەت.
[323] سەبە سۈرىسى، 13 - ئايەت.
[324] زۇمەر سۈرىسى، 66 - ئايەت.

ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشتىكى ھەققىنى ئىبتىراپ قىلمىسا، كاپىر بولغان بولىدۇ ۋە تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ: «مېنى (تائەت - ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار»[325].

دېمەك، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ۋاجىبتۇر. شۈكۈر ئېيتىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ئاللاھنىڭ بارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ پەزلى ۋە ئىنئاملىرىنى ئىنكار قىلماسلىق، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئىتائەت خاراكتېرلىك ئىشلاردا قوللىنىش ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا قوللانماسلىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئەقىل، ئەزالار ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن بەھرىمەن بولۇپ، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئۇنىڭ مەقسەتلىرىگە زىت ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشىمىز ھەمدە ئۇ نېمەتلەرنى بىزنى بۇيرۇغان ۋاجىب ئىشلارغا ئىشلىتىشتە بېخىللىق قىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ.



دېمەك، قەلبىنىڭ شۈكۈر ئېيتىشى نېمەت ئاتا قىلغۇچىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن خۇرسەن بولۇشتۇر. بۇ خۇرسەنلىك نېمەت ئاتا قىلغۇچىنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئەزالار ئارقىلىق شۈكۈر ئېيتىش مەجبۇرىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ (يەنى پەرز ئىشلارنى ئادا قىلىدۇ ۋە گۇناھ ئىشلارنى تاشلايدۇ) ئاندىن ئۇنى تىلى

[325] بەقەر سۈرىسى، 152 - ئايەت.

بىلــەن ئىبتىــراپ قىلىــش، ســۆز ئارقىلىــق ھەمــدۇ ـ ســانا ۋە شــۈكۈر ئېيتىــش ئارقىلىــق ئەمەلىــي تەســتىقلىغان بولىــدۇ.

ئەگــەر ئۇنىــڭ ئىبتىراپــى، خۇرســەنلىكى ۋە شــۈكۈر قىلىشــى ئېشىــپ ماڭســا، ئــۇ چاغــدا، ۋاجىــب ـ پــەرز ئىشــلاردىن ئاشــۇرۇپ، نەپلــە ۋە باشــقا ئىتائــەت خاراكتېرلىــك ئىشــلارنى كــۆپ قىلىشــقا تىرىشــىدۇ. رەســۇلۇللاھ: «مــەن ئاللاھقــا تىخمــۇ شــۈكۈر ئېيتىدىغــان بەنــدە بولمايمــۇ!» دېگــەن[326].

شــۇنىڭ ئۈچــۈن، نېمەتلەرنــى كــۆپ ئەســلەڭ، ئاللاھنىــڭ پەزلــى ۋە ئىنئاملىــرى ھەققىــدە كــۆپ ئويلىنىــڭ، ئاللاھقــا كــۆپ ھەمدۇســانا ئېيتىــڭ، شــۇنداق قىلســىڭىز قەلبىڭىــز ۋە تىلىڭىــز بىلــەن شــۈكۈر ئېيتقــان بولىســىز. ئىــش ـ ھەرىكەتلىرىڭىزگــە قــاراپ بېقىــڭ، ئالــلاھ ســىزدىن تەلــەپ قىلغــان ئىشــلاردا كەمچىلىــك ئۆتكۈزمــەڭ، ئالــلاھ توســقان ئىشــلارنى قىلمــاڭ، شــۇنداق قىلســىڭىز ئەزالىرىڭىــز ئارقىلىــق شــۈكۈر قىلغــان بولىســىز.

## شۈكۈر ئېيتىشنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان تۇزكورلۇق توغرىسىدا

ھــەر بىــر ئىنســان ھەرقانــداق نېمەتنــى مەخلۇقنىــڭ پەيــدا قىلىشــقا قادىــر بولالمايدىغانلىقــى توغرىســىدا نۇرغــۇن دەلىــل پاكىتلارنــى كۆرەلەيــدۇ. بــۇ نېمەتلەرنــى ئاللاھتىــن باشــقا ھېچبىر مەخلــۇق يارىتىشــقا، پەيــدا قىلىشــقا ۋە شــۇنداق تــۈزۈم ئاســتىدا ماڭدۇرۇشــقا قادىــر بولالمايــدۇ. ئەگــەر ئىنســان بۇنىڭــدا يالغــان

[326] بۇخارى رىۋايىتى، 1078 - ھەدىس.

سۆزلىسە ۋە تانسا، ئۇ يالغانچىدۇر ۋە ھەقىقەتلەرنى يالغانغا چىقارغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەققىدە جىنايەتچىدۇر، چۈنكى ئۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئىنكار قىلغان جىنايەتچىدۇر؛ ئۆزى ھەققىدىمۇ جىنايەتچىدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى جازالاشقا تېگىشلىكتۇر، شۇنداقلا ساختىلىق قىلغان ۋە تەشۋىشكە سالغان باشقىلار ھەققىدىمۇ جىنايەتچىدۇر.

ئېنىق ھەقىقەتلەرنى يالغانغا چىقىرىش ھەقىقەتكە چوڭچىلىق قىلغانلىقتۇر: «(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى (دېڭىز خەتەرلىرىدىن) قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى توغرا يولدا بولىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت خىيانەتكار (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن تانغان) ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ»[327]. شۇڭا، يالغانچىلىق، تۇزكورلۇق، ساختىلىق قىلىش ۋە نېمەت ئاتا قىلغۇچىنى ئېتىراپ قىلماسلىق دېگەندەك كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنى راستچىللىق ۋە كەمتەرلىككە قايتۇرۇشتۇر، چۈنكى ھەقىقەت ئېتىراپ قىلىنىشقا ھەممىدىن بەك ھەقلىقتۇر. ئۇ ئاجىزلىقى، موھتاجلىقى ۋە نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان مۇنداق خەتەرلىك پوزىتسىيىدە ساقلاپ تۇرۇپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى ھەقىقەتكە قايتمىسا مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ قېلىشى، ئاندىن يالغانغا چىقىرىشقا ئۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئايەتتىكى

[327] لۇقمان سۈرىسى، 32 - ئايەت.

دىگىز خەتىرىگە دۇچ كەلگەندە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان، ئاندىن خەتەردىن قۇتۇلغاندا، يالغانغا چىقىرىشقا قايتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ھالىدەك بولۇپ قالمىسۇن. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا راستچىللىقتىن باشقىسى پايدا قىلمايدىغان ھالەتتە تۇرغاندا قانداق قىلار؟

ئىنسان دۇنيادا تۇزكورلۇق قىلىپ ۋە ھەقىقەت ئۇستىدىن چوڭچىلىق قىلىپ مەنپەئەت ئالالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر، ئۇ تۇزكورلارنى خالىغان ۋاقىتتا جازالاشقا قادىر زاتتۇر: «ئاد بولسا زېمىندا (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: ‹كۈچ - قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟› دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىدىغانلار ئىدى»[328].

ئىنسان بەزىدە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن ۋە نېمەت ئاتا قىلغۇچىنىڭ پەزلىنى ئەسلەشتىن غاپىل قېلىپ تۇزكۇردەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىنئامنى ئىگىسىگە تەۋە قىلمايدۇ، نېمەتلەرنى نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا تەۋە قىلمايدۇ، بەلكى غاپىل قېلىپ، پەقەتلا سەۋەبلەرگە قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە غاپىللىقى ۋە نادانلىقى سەۋەبىدىن كۆپۈرلۇق ۋە يالغانغا چىقىرىش چېكىگە بېرىپ قالىدۇ. مۇنداقلار توغرىسىدا ئاللاھ: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن

[328] فۇسسىلەت سۈرىسى، 15 - ئايەت.

بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلاردۇر» دېگەن[329]. يەنە: «ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق» دېگەن[330].

ئىنسان بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدە ۋە كائىناتتا كەڭرى تېپىلىپ تۇرغان نېمەتلەر ھەققىدە ئويلىنىشى ۋاجىبتۇر، چۈنكى بۇ نېمەتلەر نېمەت ئاتا قىلغۇچى ۋە نېمەتلەرنى ياراتقۇچى ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ: «زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر. ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر»[331].

ئىنسان بارلىققا كېلىپلا بۇ نېمەتلەرنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭ مىسالى بىر ئورۇنغا كېلىپ، تەييار تاماقنى كۆرگەن ۋە ئەتكۈچىسىنى كۆرمىگەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. بۇ كىشى ئەلۋەتتە: بۇنى كىم قىلغاندۇ؟ دەپ سورايدۇ. بىز كائىناتتىكى بىزگە تەييارلانغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆرەپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن «بۇلارنى كىم ياراتتى؟

---

[329] يۇنۇس سۈرىسى، 7 - ئايەت.

[330] ئەئراف سۈرىسى، 136 - ئايەت.

[331] فۇسسىلەت سۈرىسى، 53 - ئايەت.

بىزگــە كىــم بــەردى؟» دەپ ســورىمايمىز.

ئاللاھتىــن باشــقا ھېچقانــداق بىــر مەخلــۇق بــۇ نېمەتلەرنــى مەن پەيــدا قىلدىــم دەپ دەۋا قىلىــپ باقمــدى. بۇنىــڭ قارشــى دەلىلــى ئىســپاتلانغانغا قەدەر بۇنى تەســتىقلاش لازىــم. ئۇنداقتا، بــۇ نېمەتنــى ئاللاھتىــن باشــقا ھېچكىمنىــڭ يارىتالمايدىغانلىقى، بويىســۇندۇرۇپ بېرەلمەيدىغانلىقــى ۋە ئاللاھتىـــن باشــقا ھېچكىمنىــڭ بۇنىڭغــا قادىــر بولالمايدىغانلىقــى ئەقلــي ۋە شــەرئىي جەھەتتىــن ئىسپاتلانىســچۇ؟ بــۇ نېمەتلەرنــى پەيــدا قىلغۇچــى ۋە پايدىلىنىــش ئىمكانىيىتىنــى يارىتىــپ بەرگۈچــى زات ئاللاھــدۇر. ئاللــاھ بــۇ ھەقتــە: «ئۇنىــڭ دەرىخىنــى سىــلەر ئۆســتۈردۈڭلارمۇ ياكــى بىــز ئۆســتۈردۇقمۇ؟» دېگــەن[332]. يەنــە: «شۈبھىســىزكى، ســىلەرنى زېمىنــدا يەرلەشــتۈردۇق، زېمىنــدا ســىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (سىــلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىــڭ مۇشــۇنداق نېمەتلىــرى بــار تۇرۇقلــۇق ئۇنىڭغــا) ناھايىتــى ئــاز شــۈكۈر قىلىســىلەر» دېگــەن[333].

ئاللاھنىــڭ ئىنئاملىــرى ۋە پەزلــى توغرىســىدا دەلىــل پاكىتلار ئېنىقتــۇر، شــۇڭا ئىنســان بۇنــى ئىنــكار قىلغۇچىغــا قارىتــا ئەجەبلىنىشــتىن ئارتــۇق دەلىلگــە موھتــاج بولمايــدۇ: «ئاللــاھ ســىلەرنىڭ بەزىڭلارنــى بەزىڭلاردىــن رىزىقتــا ئۈســتۈن قىلــدى، رىزىقتــا ئۈســتۈن قىلىنغانــلار ئۆزلىرىنىــڭ رىزقىنــى رىزىقتا بــاراۋەر بولايلــى دەپ ھەرگىــز قــول ئاســتىدىكى قۇللارغــا بەرمەيــدۇ، ئــۇلار ئاللاھنىــڭ نېمىتىنــى ئىنــكار قىلىشــامدۇ؟»[334].

---

[332] ۋاقىئە سۈرىسى، 72 - ئايەت.

[333] ئەئراف سۈرىسى، 10 - ئايەت.

[334] نەھل سۈرىسى، 71 - ئايەت.

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىستېمال قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش سەۋر قىلىش ۋە بەرداشلىق بېرىشكە موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، سەۋر توغرىسىدا گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى بەزىدە قىيىنچىلىق ۋە سىناق شەكلىدە كېلىدۇ. ئەگەر ئىنسان سەۋر قىلالىسا ۋە ئۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن مۇئامىلە قىلسا نېمەت بولىدۇ. ئەگەر سەۋر قىلالمىسا، نېمەتنىڭ مەنىسىنى زايە قىلىۋەتكەن بولىدۇ. ئەگەر سەۋرنى يوقىتىپ قويسا نېمەتنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە شۈكۈر قىلالمايدۇ. ئەمدى سەۋرنىڭ بايانىغا كېلەيلى.

# 9. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا ۋە قازاسىغا سەۋر قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان ھورۇنلۇق ۋە سەۋرسىزلىك توغرىسىدا

ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقلارنىڭ، ئاسمان ۋە زېمىنلارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە ئاللاھنىڭ خالىغان نەرسىنى تەقدىر قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ياكى يامان بولسۇن، قىيىنچىلىق ياكى كەڭتاشالىق بولسۇن، رەھىمدىللىك ياكى بالا-مۇسىبەت بولسۇن، پايدا ياكى زىيان بولسۇن، خاتىرجەملىك ياكى كېسەل بولسۇن بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا ئاللاھنىڭ مۇرادىغا سەۋر قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

بىر بەندە ئىگىسى، ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋەردىگارىدىن پەرىشان بولسا بولمايدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسىگە رازى بولۇشى، تەقدىرىگە رازى بولۇشى، تەدبىرىگە باش ئىگىشى، ئىلمى ۋە ھېكمىتىگە بويسۇنۇشى لازىم.

ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى بۇيرۇش، توسۇش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇلاردىن تۈرلۈك ئىش - ھەرىكەتلەرنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش، بىزنىڭ ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئىتائەت قىلىشىمىزنى، بۇ ئىتائەتتە چىداملىق بولۇشىمىزنى ۋە بۇ ئىشلاردىكى جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداقلا بىزدىن ھارام قىلغان ۋە توسقان

ئىشلارنى تاشلىشىمىزنى، گۇناھ ئىشلارنى تاشلىشىمىزنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەھۋەتلەر ياكى لەززەتلەرگە ئۆزىمىزنى كونترول قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە بەرداشلىق بېرىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك ۋە خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش ھەر تۈرلۈك بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىنسان بۇنىڭدىكى جىسمانىي مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغاندەك قەلبىي مۇشەققەتلەرگىمۇ سەۋر قىلىدۇ.

سەۋر قىلىش ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى بارلىق نەرسىلەردە بولىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق چىداملىق بولۇش ۋە بەرداشلىق بېرىشكە موھتاج بولىدۇ، ھەرقانداق قەلبىي ھالەت بەرداشلىق بېرىشكە موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، سەۋر قىلىش يامانلىق، ئەزىيەت ۋە پەرىشان قىلىدىغان ئىشلاردا بولىدۇ، ياكى خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ۋە خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بولغاندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكتە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ بارلىق ياخشىلىقلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن بىزنى چىداملىق بولۇشقا بۇيرۇغان، بۇ ياخشىلىق ئىنسان قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى ۋە ئىنسان قىلماسلىققا تېگىشلىك بارلىق يامانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ياخشى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

«سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر»[335].

ئاللاھ بىزنىڭ سەۋر قىلىشىمىزنى غەلىبە قىلىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، غەلىبە قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)» دېگەن[336].

بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆيگۈسى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلىشى ھەمدە بۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان يولدا سەۋر قىلىشى غەلىبە قىلىشنىڭ چوڭ تۈرىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن[337]. يەنە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دېگەن[338].

ئاللاھ بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە قارىتا سەۋرنى ئەسلىتىشىمىزگە بۇيرۇپ: «بۇلار ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشىدۇ» دېگەن[339].

---

[335] بەقەر سۈرىسى، 45 ـ ئايەت.
[336] ئال ئىمران سۈرىسى، 200 ـ ئايەت.
[337] ئال ئىمران سۈرىسى، 146 ـ ئايەت.
[338] بەقەر سۈرىسى، 153 ـ ئايەت.
[339] بەلەد سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىزگە ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىزگە تايىنىپ قالماسلىق ھەققىدە ۋە سەۋرنى ئۇنىڭ ياردىمى ۋە ئىنئامى بولمىسىمۇ كېلىدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىق توغرىسىدا ئەسكەرتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سەۋرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن كەلگەن نېمەت ئىكەنلىكى ۋە بۇ نېمەتنى ئۆزىدىن تەلەپ قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان: «(ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋر پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ»[340].

ھەرقانداق كىشى سەۋرچان بولمىسا، سەۋر قىلىشى لازىم، (يەنى سەۋر قىلىشقا ئادەتلەنگەنگە قەدەر سەۋر قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىم) ھەرقانداق كىشى ئاللاھتىن سەۋر تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەۋر ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئاللاھتىن سەۋر تەلەپ قىلىشى پەقەتلا دۇئا قىلىش ئارقىلىق بولمايدۇ، بەلكى سەۋر قىلىشقا ئۇرۇنۇش ۋە سەۋر قىلىشقا قىزىقىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان سەۋر قىلسا ۋە سەۋر قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋر بىلەن تەمىنلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «كىم سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ، ھېچبىر كىشى سەۋر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ۋە كەڭرەك ياخشىلىققا ئېرىشىپ باقمىدى» دېگەن[341]. بۇ ھەدىس سەۋر قىلىش قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىنسانىنىڭ شۇنچە تەرەققىي قىلالايدىغانلىقى ۋە نەتىجىسىنىڭمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ، چۈنكى سەۋر قىلىش ئاشقانسېرى ئىتائەت قىلىش



[340] نەھل سۈرىسى، 127 - ئايەت.

[341] بۇخارى رىۋايىتى، 1400 - ھەدىس.

ۋە تىرىشچانلىق ئاشىدۇ. سەۋر قىلىش ئاشقانسېرى گۇناھلار يوقىلىشقا باشلايدۇ، سەۋر قىلىش ئاشقانسېرى رازىلىق، ئۈمىدۋارلىق ۋە چىدامچانلىق ئاشىدۇ.

بىر ئىنساننىڭ ھورۇنلۇق قىلىشى، ئاجىزلىق كۆرسىتىشى ۋە تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشقا ئاجىزلىقنى ئىپلان قىلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن ئامانلىق تىلەشكە بۇيرۇغان. بۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مەن سىلى ئارقىلىق ئاجىزلىقتىن ۋە ھۇرۇنلۇقتىن ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەن[342]. يەنە: «ئاللاھتىن مەدەت تىلىگىن، ئاجىزلىق كۆرسەتمىگىن» دېگەن[343].

ھورۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىق ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىكى نىشانىنى ۋە سەۋر قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاخىرەتنى ۋە ئاخىرەتتىكى جەننەت ۋە رازىلىقنى ئۇنتۇپ قالسا، ئىش - ھەرىكەت قىلىشقا ۋە سەۋر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە تۈرتكە بولىدىغان نەرسىنى تاپالمايدۇ. شۇنداقلا ئىنسان نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئۈمىدسىز بولۇپ قالسا، ھۇرۇنلىشىپ قالىدۇ ۋە ھىممىتى يوقاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دائىم نىشانىنى ۋە ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئەسلەپ تۇرۇش لازىم بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇش ھارام بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئىتائەتكە ياتىدىغان ئىشلارنى داۋام قىلىشى ۋە ئۇ

[342] بۇخارى رىۋايىتى، 2668 - ھەدىس.

[343] مۇسلىم رىۋايىتى، 2664 - ھەدىس.

ئىشلاردا چىداملىق بولۇپ چىڭ تۇرۇشى سەۋر قىلىشنىڭ ئەڭ بۈيۈك تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىدامچان بولغىن» دېگەن[344]. چىداملىق بولۇشنى ئىش - ھەرىكەت بىلەن بىرلىكتە داۋاملاشتۇرۇش ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا نىسبەتەن ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ داۋاملاشقان ئىش - ھەرىكەتتۇر» دېگەن[345]. ئىش - ھەرىكەتنىڭ داۋاملاشقانلىقى بەرداشلىق بەرگەنلىكتۇر، بەرداشلىق بېرىش سەۋر قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر - تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن[346]. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئىككى تۈرلۈك ئەجىر بېرىلىدۇ. بىرى، ئىش - ھەرىكەت قىلغانلىق ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى، ئىش-ھەرىكەت قىلىشتا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھنىڭ سەۋر قىلغۇچىلار ھەققىدىكى: «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» دېگەن[347] سۆزى ئىش - ھەرىكەت قىلىشتا سەۋر قىلغانلىق ئەجرىنىڭ ئىش - ھەرىكەت قىلىش ئەجرىدىن كاتتا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا، چۈنكى ئىش-ھەرىكەت چەكلىك بولۇپ تۈگەيدۇ، سەۋر قىلىش تۈگىمەستىن داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، سەۋر قىلىشنىڭ ئەجرى چەكسىز بولىدۇ.



[344] مەريەم سۈرىسى، 65 - ئايەت.
[345] بۇخارى رىۋايىتى، 5523 - ھەدىس.
[346] قەسەس سۈرىسى، 54 - ئايەت.
[347] زۇمەر سۈرىسى، 10 - ئايەت.

سەۋرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنسان مىڭ يىللار ياشىسىمۇ سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتنى تاشلاپ قويماي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئىش-ھەرىكەتنى تاشلىماسلىق نىيىتى بىلەن سەۋر قىلىپ ئاللاھ بىلەن ئۇچراشسا، خۇددى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سەۋر قىلىشقا بولغان ھىممىتى ۋە نىيىتى ئارقىلىق ئىزچىل مۇشۇ نىيەتتە قالغاندەك بولىدۇ. ئەمما بەرداشلىق بېرەلمەي مەلۇم چەكتە توختاپ قېلىپ ئىش - ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋر قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىش-ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ.

ۋاجىب بولغان سەۋر قىلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى شۇكى، نەپسىنى توغرا ئەقىدىلەرنى ئۆگىنىشكە قىستاش، قەلبىي ۋە ئەمەلىي پەرزلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلاش، ھارام ئىشلارنى تاشلاشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ۋە مۇسىبەت كەلگەندە ئاللاھتىن رەنجىش ياكى ئاللاھقا ئىتىراز بىلدۈرۈش ئارقىلىق سەۋرسىزلىك قىلماسلىقتۇر.

چىداملىق بولۇش جىھاد قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقەتنى ئورۇنداشقا، شۇنداقلا گۇناھ، نەپسى خاھىش ۋە شەھۋەتنى تاشلاشقا كۈچ چىقىرىلىدۇ. گۇناھلارنى قىلماسلىققا بەرداشلىق بېرىش قەلبىي جەھەتتىن سەۋر قىلىشتۇر، چۈنكى ئىنسان بۇ ئىشتا نەپسىنى ھارام ئىشلاردىن يۈگەنلەيدۇ ۋە گۇناھ قىلىشتىن چەكلەيدۇ. بۇ ئىش بەدىنىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن بەكرەك نەپسىنى بىھۇدە ياكى خاتا ئىشنى قىلىشقا

ئىسـلىپ قىلىشـتىن چەكلەشـكە مۇناسـىۋەتلىكتۇر. ئالـلاھ بـۇ تۈردىكـى سـەۋرنى بايـان قىلـىپ: «ئۆزىنـى نەپسـى خاھىشـىغا بېرىلىشـتىن چەكلىگـەن ئـادەم»[348] دەپ خـەۋەر قىلغـان. يەنە: «كىمكـى جىھـاد قىلىدىكـەن، ئۇنىـڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسـى ئۈچۈنـدۇر» دېگـەن[349].

ئىنسـان بـىرەر ئىشـتا نەپسـى بىلـەن جىھـاد قىلىـپ سـەۋر قىلالىسـا، شـۇنداقلا ئۆزىنـى ياخشـىلىققا قىسـتاپ يامانلىقتىـن توسالىسـا، ئـۇ كىشـىدە سـەۋر قىلىـش ئىقتىـدارى يېتىلىـدۇ، چۈنكـى سـەۋر قىلىـش سـەۋر قىلىشـقا ئىنتىلىـش بىلـەن يېتىلىـدۇ. ئەگـەر سـىز سـەۋر قىلالايدىغـان ئىشـلارغا سـەۋر قىلالىسـڭىز سىزدە سـەۋر قىلىـش ئىقتىـدارى يېتىلىـدۇ، ئاندىـن سـەۋر قىلغىلـى بولمايدىغـان ئىشـلاردىمۇ سـەۋر قىلالايدىغـان بولىسـىز، بـۇ ئارقىلىـق سىزدە سـەۋر قىلىش دائىرىسـى كېڭىيىـپ هاياتىڭىزنىـڭ ۋە بارلىـق ئىشـلىرىڭىزنىڭ ھەممـە ساھەسـىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالىدىغـان بولىـدۇ.

بالايـى ـ ئاپەتكـە سـەۋر قىلىـش ۋاجىبتـۇر، ئـۇ مۆمىنىنـىڭ دائىملىـق سـۈپىتىدۇر. رەسـۇلۇللاھ: «مۆمىنىنـىڭ ئىشـىغا ھەيرانمـەن، ئۇنىـڭ بارلىـق ئىشـلىرى ياخشـىدۇر، بـۇ سـۈپەت پەقـەت مۆمىنگـە خاسـتۇر. ئەگـەر ئۇنىڭغـا بـىرەر خۇرسـەنلىك يەتسـە ئاللاھقـا شـۈكۈر ئېيتىـدۇ، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ياخشـى بولىـدۇ، ئەگـەر ئۇنىڭغـا بـىرەر زىيـان يەتسـە سـەۋر قىلىـدۇ، يەنـىلا ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ياخشـى بولىـدۇ» دېگـەن[350]. مۆمىـن

---

[348] نازىئات سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.

[349] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

[350] مۇسلىم رىۋايىتى، 2999 ـ ھەدىس.

كىشى ئۆزىنى مۇسىبەتتە چىنىقتۇرىدۇ ۋە دائىم مۇسىبەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى پەرەز قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، قايسى تۇردىكى بىر مۇسىبەت كېلىپ قالسا، ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلىپ قالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ بۇ دۇنيانىڭ سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ: «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى» دېگەن[351]. ئاللاھ بىزگە بۇ دۇنيانىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرىنىڭ پىتنە، سىناق ۋە ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ: «سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز» دېگەن[352]. شۇڭا، ھەرقانداق كىشى تۈرلۈك سىناقلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بىرەلىسە، ئۇ كىشىگە ساۋاب، مۇكاپات ۋە جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ ۋە قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز . (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان -زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» دېگەن[353]. يەنە: «سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىگە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم

[351] مۇلۇك سۈرىسى، 2 - ئايەت.
[352] ئەنبىيا سۈرىسى، 35 - ئايەت.
[353] بەقەر سۈرىسى، 155 - ئايەت.

نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار، (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھ دىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا، بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر» دېگەن[354].

سەۋر قىلغۇچىنىڭ سەۋر قىلغانلىق تەسىرى كېلىشمەسلىك دەسلەپتە يۈز بەرگەندىلا نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ. ھەدىستە كېلىشىچە: «رەسۇلۇللاھ بىر قەبرىنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئايالغا: «ئاللاھتىن قورقىن ۋە سەۋر قىلغىن» دېگەندە، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھقا: «ئىشلىرىنى قىلسىلا، چۈنكى سىلىگە ماڭا يەتكەندەك مۇسىبەت يېتىپ باقمىدى» دېگەن. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنى تونۇمايتتى. باشقىلار ئۇ ئايالغا: «باياتىن ساڭا نەسىھەت قىلغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى، سېنىڭ سۆزلىرىڭ توغرا بولمىدى» دېگەندە، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا: «مەندىن خاپا بولمىسىلا، مەن سىلىنى تونۇماي قاپتىمەن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا نەسىھەت قىلىپ: «سەۋر قىلىش دېگەن مۇسىبەت دەسلەپتە يۈز بەرگەندە بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويغان[355]. قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەت يۈز بەرگەندە ئۆزىگە ئىگە بولۇپ سەۋر قىلالايدىغان كىشى ئەخمەقلەرچە ئىش ھەرىكەت قىلمايدۇ ياكى خاتا ئىش ـ ھەرىكەت سادىر قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ۋە ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان باتۇر كىشىدۇر. سەۋر قىلالمايدىغان

[354] ئال ئىمران سۈرىسى، 186 ـ ئايەت.

[355] بۇخارى رىۋايىتى، 1223 ـ ھەدىس.

كىشى ئاجىز ۋە مەغلۇپ بولغان كىشىدۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «باتۇرلۇق باشقىلارنى يىقىتىش بىلەن بولمايدۇ، ھەقىقىي باتۇر دېگەن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشىدۇر» دېگەن[356].

شۇ سەۋەبتىن، سەۋر قىلىش نۇر ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «چىدامىلىق بولۇش نۇردىن ئىبارەت» دېگەن[357]. چۈنكى چىدامىلىق بولۇش ئىنساننى كەڭ قورساق بولۇش، ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە كۆپ ئىختىيارلىقلارغا ئىگە قىلىدۇ، سەۋر قىلالىغان كىشى بۇلاردىن پايدىلىنىپ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئەمما سەۋر قىلالمايدىغان كىشى ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، قىيىنچىلىق ۋە سىناق كەلگەندە كۆزقارىشى تارىيىپ كېتىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن ئىش - ھەرىكەت قىلىپ سالىدۇ.. شۇڭا، سەۋر قىلالمايدىغان كىشى ئاز ئىختىيارلىق ۋە ئاز ئېھتىماللىقلار ئىچىدە بولىدۇ، بۇ ئىختىيارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەخمىقانىلىق، نادانلىق ۋە پۇشايمانغا باشلاپ بارىدىغان خاتالىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئىتائەت قىلىشقا سەۋر قىلىش ئىنساننى ھىدايەت ۋە نۇر ئىچىدە قوغدايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سەۋرى ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇر بولىدۇ. گۇناھ قىلماسلىقتا سەۋر قىلىش ئۇنى زۇلمەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن قوغدايدۇ، شۇڭا، ئۇ كىشى نۇر ۋە يورۇقلۇق ئىچىدە بولىدۇ.

مۆمىن كىشى سەۋر قىلسا، ئاللاھتىن قورقسا ۋە ياخشى

[356] بۇخارى رىۋايىتى، 5763 - ھەدىس.
[357] مۇسلىم رىۋايىتى، 223 - ھەدىس.

كىشىلەردىن بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى ئازادىچىلىك، راھەت ۋە بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتقا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «تەقۋادارلارغا: ‹پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى› دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!» دېگەن[358]. يەنە: «ئېيتقىنكى، ‹ئى (ئاللاھنىڭ) مۆمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ» دېگەن[359]. ئۇلارنى بەخت ـ سائادەت ۋە ياخشىلىققا ئىرگۈزگەن نەرسە سەۋرنىڭ يورۇقلۇقىدۇر. بۇ دېگەنلىك بالا ـ مۇسىبەت ئۇلاردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دېگەنلىك ئەمەستۇر. چۈنكى بالايىئاپەت باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىلارغا كۆپرەك كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار سەۋر قىلغانلىقتىن شەكللەنگەن يۇقىرى ھىممەت سەۋەبىدىن، روھىي دەرد ـ ئەلەم ۋە جىسمانىي چارچاش ھېس قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار قاتتىق سىناقتا بولسىمۇ بەخت ئىچىدە ياشايدۇ، چۈنكى بالايى ـ ئاپەتكە ئاخىرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ئۇنى بەخت ـ سائادەت، ساۋاب ۋە يۈكسەك ماقام دەپ قارايدۇ.

---

[358] نەھل سۈرىسى، 30 ـ ئايەت.

[359] زۇمەر سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ، ئاللاھنىڭ ياخشى ۋە تەقۋا كىشىلەردىن بالايى ـ ئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان قانۇنىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى خەۋەر بېرىش بىلەن بىللە ياخشى، تەقۋا كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ سىناققا دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئىنسان دىنىدا كۈچلۈك بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سىنايدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «پەيغەمبەرلەر باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىدۇ، ئاندىن ئەڭ ياخشى كىشىلەر شۇنىڭغا ئوخشاش سىناققا دۇچ كېلىدۇ» دېگەن[360].

مۇسۇلمان توغرا يولدا ماڭسا ياكى مۇسۇلمانلار توغرا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بىر دۆلەتكە ئېرىشكەن بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە مۇسۇلمانلاردىن بالا ـ مۇسىبەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئىش يوق. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق سىناقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىلمىسىز نادانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مىجەزى سېغىپ قالغان كىشىلەر تەقۋالىق بولسا سىناق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىگە قاراپ بېقىڭ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېگەن[361].

مۆمىنلەرنىڭ كاپىردىن ۋە باشقىلاردىن پەرقى شۇكى، مۆمىنلەر توغرا يولدا ماڭغاندا ئاللاھ تەرەپتىن سەۋرگە

[360] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، 2901 ـ ھەدىس.
[361] ئەئراف سۈرىسى، 129 ـ ئايەت.

ئېرىشىدۇ: «سەۋر قىلغىن، سەۋر پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ»[362]. شۇڭا، مۆمىن ئەگەر بالايىئاپەت كەلسە، ئۇنىڭغا رازى بولۇپ بەرداشلىق بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى كۆلپەت تارتمىغاندەكلا بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولغان بەندىسىنى سىنايدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر، ئاللاھ ئۇنى بۇ دۇنيادا پاكلاش ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن سىنايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، قىيامەت كۈنى بولغاندا بەندە گۇناھسىز، يۈكسىز ۋە جازاغا ئۇچرىمايدىغان ھالەتتە كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «مۇسۇلمانغا بىرەر چارچاش، كۆلپەت، غەم-قايغۇ ۋە ياكى ئەزىيەت يەتسە، ھەتتا تىكەن چاغلىق بىر نەرسە كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن[363]. يەنە: «ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىر بەندىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنىگە ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن[364]. يەنە: «كاتتا مۇكاپات بۈيۈك كۆلپەت بىلەن بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھ بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇلارنى سىنايدۇ، قانداق كىشى ئۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇنىڭغا رازىلىق بېرىلىدۇ، قانداق كىشى ئۇنىڭغا رازى بولمىسا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن[365].

[362] ئەئراف سۈرىسى، 129 - ئايەت.
[363] بۇخارى رىۋايىتى، 5318 - ھەدىس.
[364] تىرمىزى رىۋايىتى، 2396 - ھەدىس.
[365] تىرمىزى رىۋايىتى، 2396 - ھەدىس.

دېمەك، كۆلپەت ۋە جازالار ئاللاھنىڭ بەندىگە قىلغان رەھمىتىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەگەر بەندە ئۇنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ۋە كاپپارەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى رەنجىش، پەرىشانلىق ۋە ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا قوشۇلىدىغان يېڭى بىر گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاللاھتىن يىراقلىشىشقا ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا رەنجىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

مۆمىن كىشى ئاللاھتىن رەنجىسە ياكى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئېتىراز بىلدۈرسە ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ، ياكى ئاللاھ مېنى مۇنداق سىنىغۇدەك مەن نېمە ئىش قىلغان بولغىيتتىم، دېسە، توغرا بولمايدۇ، ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مەن بۇ بالايى ـ مۇسىبەتكە ھەقلىق بولغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، دېسە بولمايدۇ، مۇنداق دېيىش مۆمىن كىشىگە پەقەتلا ياراشمايدۇ، چۈنكى بۇ نادانلارنىڭ ياكى تەككەببۇر كىشىلەرنىڭ ياكى كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

مۇسۇلمان قېرىندىشىم، سەۋرچان بولۇڭ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەۋر قىلىڭ، نامازلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشتا سەۋر قىلىڭ، سۈبھى نامىزىنى ۋە باشقا نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشتا چىداملىق بولۇڭ، كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىڭ. ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ۋە بارلىق مۆمىنلەرگە سەۋرچان ۋە كەمتەر بولۇڭ. سىزگە يېتىدىغان ئەزىيەت ۋە پەرىشانلىققا سەۋر قىلىڭ، باللىرىڭىزغا بەك كايىپ كەتمەستىن ياخشىلىق

ۋە ناماز ئوقۇش ھەققىدىكى تەربىيىلەردە سەۋر قىلىش. ئەگەر سىز كەمبەغەللىك ۋە كېسەللىك بىلەن سىنىلىپ قالسىڭىز سەۋر قىلىش، كۆڭلىڭىزدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ كېلىدىغان نەرسىلەر كېچىۋاتقان بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى تاشلاش ھەققىدە سەۋر قىلىش، گۇناھلارنى تاشلاشتا سەۋر قىلىش، گۇناھلارنى تاشلىغانلىقىڭغا قايغۇرۇپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، چۈنكى گۇناھلاردا ياخشىلىق تېپىلمايدۇ.

**سەۋر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئۇسۇللار**

1. ئىنسان ئۆزى قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلارنىڭ نەتىجىسىگە ياكى تاشلاۋاتقان گۇناھلارنىڭ ئاقىۋىتىگە دىققەت قىلسۇن، چۈنكى ئاخىرەتلىك نەتىجىلەر دائىم ئىش - ھەرىكەت قىلىشقا سەۋر قىلىش ياكى گۇناھلارنى تاشلاشقا سەۋر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

2. مەغپىرەت تىلەيدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىش، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقتىن چەكلەپ قويىدىغان گۇناھلارنى قىلماسلىق.

3. ياخشىلارغا كۆپ ھەمراھ بولۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ- قوپۇش. چۈنكى، ئۇلارغا ئارىلاشقان كىشى ئۇلاردىن سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئەسلىتىدۇ.

ئىنسان ھەرقانچە سەۋرچان بولغان بىلەن، بىراق ئاللاھقا بويسۇنمىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا رازى بولمىغان بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ھېچبىرىنى ئىجرا قىلمىغان ۋە

چەكلىگەن ھېچبىر ئىشتىن يانمىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇش ۋە رازى بولۇش تۇيغۇسى بولۇشى لازىم.

## 10. ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە رەنجىش توغرىسىدا

بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، رىزىق بەرگۈچىسى ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى بويسۇنۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇغان، ھۆكۈم قىلغان ۋە يولغا قويغان ئىشلىرىغا رازى بولۇشتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ زاتنىڭ ئۇ كىشى ھەققىدە جارى قىلدۇرۇۋاتقان خاتىرجەملىك - كۆلپەت، سالامەتلىك - كېسەل، كەڭتاشالىق - قىيىنچىلىق قاتارلىق ئىشلىرىغا رازى بولۇشتۇر.

ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا قەلبىدىن رازى بولۇش بولمىسا، ئىمان ۋۇجۇتقا چىققان بولمايدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى غۇم يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېگەن[366].

ئەگەر ئىنسان ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، لېكىن كۆڭلىدە ئۇ ھۆكۈملەر توغرىسىدا پەرىشانلىق ھېس

[366] نىسا سۈرىسى، 65 - ئايەت.

قىلىدىغان بولسا ياكى بۇ ھۆكۈمگە رازى بولمىسا، ئايەت بايان قىلغاندەك ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ. بەندە قانداقمۇ ئاللاھقا تولۇق بويسۇنمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ۋە شەرىئىتىنىڭ ھەممىدىن ئىلغار، ھەممىدىن پايدىلىق ۋە ھەممىدىن ئۇنۇملۇك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ بويسۇنمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ يولغا قويغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ۋە ياخشىلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» دېگەن[367]. يەنە: «ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» دېگەن[368].

ئاللاھ مۆمىن كىشىنىڭ ھەرقانچە سىنالسىمۇ ۋە بالايى ـ مۇسىبەت ھەرقانچە كۈچلۈك كېلىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئاللاھقا بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئىمانىنىڭ تېخىمۇ ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان: «مۆمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: <بۇ (يەنى قېيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى> دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ

---

[367] بەقەر سۈرىسى، -185 ئايەت.

[368] مائىدە سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى»[369].

ئىنسان تەبىئىي خاراكتېرى بىلەن كۈلپەت، قىيىنچىلىق، كېسەل، كەمبەغەللىك، زۇلۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن پەرىشان بولىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشانلىقى كىشىلەردىن ۋە ئامال چارىسىزلىقتىن بولغان پەرىشانلىقتۇر. ئەمما ئۇ سەۋەبلەرنىڭ ياراتقۇچىسىغا قارىغان چاغدا ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ۋە ھۆكمىدىن پەرىشان بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ھېكمىتىنىڭ بارلىقىنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ كىشى سەۋر قىلالىسا ۋە كۈلپەتكە قارىتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇئامىلە قىلالىسا، بالايى ـ مۇسىبەت نېمەت، رەھمەت ۋە ئاخىرەتتە سىناققا ئايلىنىدۇ. دېمەك، بالايى ـ مۇسىبەتنىڭ ھەقىقىتى نېمەتتۇر، ئۇنداق ئىكەن ئۇ كىشى قانداقمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن پەرىشان بولسۇن!.

مۆمىنىنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا دىققىتى كۈچەيسە ۋە ئاللاھنىڭ كۈلپەتنى ھېكمەت ئۈچۈن بەلگىلىگەنلىكىگە ئىشەنسە، كىشىلەر ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىۋاتقان كۈلپەتلەردىن پەرىشان بولمايدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇ باشقا بىر نۇقتىدىن پەرىشان بولىدۇ، (يەنى بىر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىققانلىق ۋە بالايى ـ مۇسىبەتنىڭ بۇ تۈردىكى قارشى چىقىش سەۋەبلىك يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبتىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن پەرىشان بولىدۇ) ئۇنىڭغا قايغۇرىدۇ ۋە ئۆزىدىن گۇناھلارنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن رازى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى ھالەتتىكى رازىلىق ۋە

[369] ئەھزاب سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

پەرىشانلىق ئوخشىمىغان ئىككى تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلى بولغان.

ئاللاھتىن رازى بولۇش ئاللاھ رازى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ھالىدۇر.. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ» دېگەن[370].

ئاللاھنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىدىن رازى بولغانىدا، ئاللاھتىن رازى بولغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، بىرىمىز نامازغا ئىمان ئېيتىپ، جازانىنى تاشلىمايدىغان بولسا ياكى ئاياللىرىمىز ناماز ۋە روزىغا ئىمان ئېيتىپ ھىجابنىڭ پەرزلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بولسا، بۇ ئاللاھتىن رازى بولغانلىق بولمايدۇ. بىرەر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى، بۇيرۇقلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشى توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر،

[370] بەييىنە سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» دېگەن[371].

ئاللاھنىڭ سىزدىكى ۋە مەخلۇقلاردىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە تەقدىرىدىن رازى بولۇش ئاللاھتىن رازى بولغانلىقتۇر. شۇڭا، سىز ئاللاھنىڭ سىزگە ۋە باشقىلارغا تەقدىر قىلغان رىزىقلىرى، مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابروي، پەرزەنت، ئاياللار، دۇنيا، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ياخشىلىق قاتارلىقلارغا رازى بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ توغرىسىدا ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بىرەر نەرسىگە ئېتىراز بىلدۈرسىڭىز بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى توپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (بۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!» دېگەن[372].

سىز كەمبەغەل بولۇڭ ياكى باي بولۇڭ، سىزگە بەرسۇن ياكى باشقىلارغا بەرسۇن، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولىسىز. شۇڭا، ئاللاھ سىزگە ۋە باشقىلارغا تەقدىر قىلغان نەرسىگە ئېتىراز بىلدۈرمەڭ، چۈنكى ئاللاھنىڭ سىزگە ۋە باشقىلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ: «ياكى ئۇلار

[371] بەقەر سۈرىسى، 85 ـ ئايەت.
[372] نەھل سۈرىسى، 58 ـ 59 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ ئۆز پەيلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق» دېگەن[373]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە «كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قېشىدىكى نەرسىلەرگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟» دېمىگەن، بەلكى«ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نەرسىلەرگە ھەسەت قىلىشامدۇ» دېگەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنىڭ ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك ۋە ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە شەك قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. بۇ ۋەجىدىن، ھەسەتخورلۇق ناھايىتى خەتەرلىك كېسەل بولۇپ، كۇپۇرلۇق دەرىجىسىگە قەدەر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ مەسىلە ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتۇر ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان ئېنئاملىرىغا شەك قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھتىن رازى بولۇشىڭىز ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە قانائەت قىلىڭ، مانا بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز راھەت تاپىدىغان بايلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ: «بايلىق دېگەن مال دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بىلەن بولمايدۇ، ھەقىقىي بايلىق دېگەن كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر» دېگەن[374].



[373] نىسا سۈرىسى، 54 - ئايەت.

[374] بۇخارى رىۋايىتى، 6081 - ھەدىس.

# 11. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ئۈستىدە توغرا مېڭىش

ئەگەر بەندە ئاللاھ تەرەپكە قايتسا، ئاخىرەتكە يۈزلەنسە، دۇنيا سۆيگۈسىنى قەلبىدىن چىقىرىۋەتسە ھەمدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بىلسە ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشقا ئادەتلەندۈرسە، ئاندىن ئىتائەتتە توغرا مېڭىش ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەلبتە يەرلىشىپ كەتكەن بىر ئوي - پىكىر ئۇنىڭغا ھەر دائىم توغرا يولدا بولۇشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، توغرا يولنى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان ئىش - ھەرىكەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئىتتىرىدۇ. شۇنداقلا يەنە بىر ئوي - پىكىر ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى توغرا يولغا خىلاپ يول تۇتۇشتىن ۋە ئاسىيلىق قىلىپ سېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇ يولنى يامان كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ بىزنى توغرا يولدا مېڭىشقا بۇيرۇپ: «سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): <مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت- ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!> دېگىن» دېگەن[375]. ئاللاھقا قەلبى بىلەن يۈزلەنمىگەندە، توغرا يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغىلى بولمايدۇ.

[375] فۇسسىلەت سۈرىسى، 6 - ئايەت.

ئاللاھ يەنە توغرا يولدا مېڭىشقا بۇيرۇپ: «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن[376]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۇلارنى تەۋبە قىلغان كىشىلەر دەپ سۈپەتلىگەن، چۈنكى گۇناھلارغا ئەگىشىشتىن سەممىي تەۋبە قىلمىسا توغرا يولدا مېڭىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا ئىشەندىم، دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغىن» دېگەن[377] يەنى ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاللاھنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشتىن ئىككىلەنمىگىن.



ئاللاھ تەكۋىر سۈرىسىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ راستلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ باشقا يولنى تۇتسا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەگەر ئىنسان بۇ يولدا توغرا ماڭماقچى بولسا، قۇرئاندا ئۇنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان نەرسىلەرنى تاپالايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «قۇرئان ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر. سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد

[376] ھۇد سۈرىسى، 112 ـ ئايەت.

[377] مۇسلىم رىۋايىتى، 38 ـ ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە بېخىل ئەمەستۇر. ئۇ (يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر. قەيەرگە بارىسىلەر؟ ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن ھەققىدە) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)» دېگەن[378].

ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىدىن پاك بولۇشى ۋە ھەربىر ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ مەقسىتىگە ئەگەشكەنلىكى توغرا يولدا ماڭغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ توغرا يولدا مېڭىشنى نەپسى خاھىشنى تاشلاشقا باغلىغان: «شۇنىڭ ئۈچۈن (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: <ئاللاھ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر،

[378] تەكۋىر سۈرىسى، 19 - 29 - ئايەتلەر.

سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، ئاللاھ (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر>»[379].

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدە چىڭ تۇرغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلمىغانلىقى ۋە جازاغا سەۋەب بولىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ سالمىغانلىقىغا قارىتا ۋىجدانى ۋە قەلبى جەھەتتىن راھەت بولىدۇ. ئاللاھ بۇ راھەت ۋە خاتىرجەملىكنى مۇشۇنداق مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇنيادا توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «شۈبھىسىزكى، <پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر> دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: <قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر>» دېگەن[380]. يەنە: «<پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر> دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر» دېگەن[381].

---

[379] شۇرا سۈرىسى، 15 - ئايەت.

[380] فۇسسىلەت سۈرىسى، 30 - 32 - ئايەتلەر.

[381] ئەھقاف سۈرىسى، 13 - ئايەت.

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدا چىڭ تۇرىدىغان كىشىنىڭ قەلبىي ھالىتى، ھەرۋاقىت ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئويغاق ۋە سەگەك بولىدۇ. ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولغان شارائىتتا، مەيلى بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ پىكرى ياكى قەلبىي ياكى بەدىنى ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ياكى سۆزلىرىگە ئالاقىدار بولسۇن ياكى ئۇممەت ۋە ئەتراپىدىكى جەمئىيەتكە ئالاقىدار بولسۇن دائىم ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رىئايە قىلىپ ماڭىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنسا، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئىبادەتلەردە توغرا يولدا تۇرۇشنى ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇشنى ئىرادە قىلسا، بۇنىڭ ئۆزىلا پايدا قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھقا تايانمىغان ۋە ئاللاھتىن مەدەت تىلىمىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. مانا بۇ بىز بۇيرۇلغان تەۋەككۇلچىلىكتۇر ۋە قەلبنىڭ ۋاجىب بولغان مۇھىم ئەھۋاللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

## 12. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى سەۋەبلەرگە تايىنىۋېلىش توغرىسىدا

ئاللاھنىڭ ۋەكىل دېگەن ئىسىم - سۈپىتىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا تايىنىش ۋە پەقەت سەۋەبلەرگىلا تايىنىۋالماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ، ئاللاھنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەرقانداق نەرسىنى تەمىنلەيدىغان ۋە ھەرقانداق بىر نەرسىنى يارىتىدىغان پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىسىز بىر ئىش ھاسىل بولۇپ قالمايدۇ. ئاللاھ پايدا بەرگۈچى، نېمەت ئاتا قىلغۇچى، چەكلىگۈچى، يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، تۆۋەن قىلغۇچى، كەڭ قىلغۇچى، تار قىلغۇچى زاتتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىزنىسىز بىرەر ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىسىز بىرەر يامانلىق يوقالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭغا تايىنىش ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش ۋاجىب بولىدۇ. مانا بۇ «بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

بىز كۆرۈنۈشتە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قاراۋاتقان ھەرقانداق سەۋەبنىڭ ئۆزلۈك تەسىرى بولمايدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئاللاھ بىزنى تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە تەۋەككۇل قىلىشنى ئىسلام ۋە ئىماننىڭ شەرتلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مۇسا: <ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھقا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار> (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا يۆلىنىڭلار)» دېگەن[382]. يەنە: «ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە ئىشەنسەڭلار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېگەن[383].

مۆمىن كىشى تەۋەككۇل قىلىش سۈپىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل- مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ» دېگەن[384].

ئاللاھ بىزنى بىرقانچە ئايەتتە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇغان: «ئېيتقىنكى، <بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر

[382] يۇنۇس سۈرىسى، 84 - ئايەت.

[383] مائىدە سۈرىسى، 23 - ئايەت.

[384] ئەنفال سۈرىسى، 2 - 4 - ئايەتلەر.

قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۆمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن> (يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن، ئۇنىدىن باشقا ھېچ كىمگە يۆلەنمىسۇن)»[385]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە بىزنى زىيان، يامانلىق ۋە كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلىشىمىزغا بۇيرۇغان.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ بىزنى ئۆزىدىن باشقىسىغا تەۋەككۇل قىلماسلىققا بۇيرۇغان، چۈنكى ئۇ زاتنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ھەممە ئىشىڭدا ئاللاھقا يۆلەنگىن، ئاللاھ (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر» دېگەن[386]. يەنە: «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى» دېگەن[387]. يەنە: «مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق، (ئۇلارغا) <مەندىن غەيرىينى پەرۋەردىگار قىلىۋالماڭلار!> (دېدۇق)» دېگەن[388].

ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ۋە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئاللاھنىڭ بىزنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن سەۋەبتۇر: «(كېڭەشكەندىن كېيىن)

---

[385] تەۋبە سۈرىسى، 51 - ئايەت.

[386] ئەھزاب سۈرىسى، 3 - ئايەت.

[387] تالاق سۈرىسى، 3 - ئايەت.

[388] ئىسرا سۈرىسى، 2 - ئايەت.

بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[389].

تەۋەككۇل قىلىش شەيتاندىن قوغدىنىشنىڭ سەۋەبىدۇر: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر)نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ)»[390].

رەسۇلۇللاھ تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70 مىڭ كىشى جەننەتكە ھېسابسىز كىرىدۇ، ئۇلار دەم سالمايدىغان، شۇملانمايدىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغانلاردۇر» دېگەن[391]. شۇملىنىش ياكى شۇملۇق ھېس قىلىش ئىسلامدا چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر، رۇقى قىلىش (يەنى يامانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەرىئەتتە كەلگەن دۇئالارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش) دۇرۇس ئىشتۇر. شۇنداقلا جەننەتكە ھېسابسىز كىرگىلى بولىدىغان مۇھىم سۈپەت تەۋەككۇل قىلىشتۇر. بۇ پەزىلەت تەۋەككۇل قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان بولسا، بۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەر بىرىمىزنىڭ ئالاھىدە

[389] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 - ئايەت.

[390] نەھل سۈرىسى، 98 - 99 - ئايەتلەر.

[391] بۇخارى رىۋايىتى، 6107 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 217 - ھەدىس.

ھېرىسـەن بولۇشـىغا توغـرا كېلىـدۇ.

ئىمانىنىـڭ سـۈپىتى ھېسـابلىنىدىغان تەۋەككـۈل قىلىشـنى ۋۇجۇتقـا چىقىرىش ۋاسـىتىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىـرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھـەر بىـر نەرسـىگە تەسـىر كۆرسـەتكۈچى زاتنىـڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنـى بىلىـش. ئاللاھ بـۇ ھەقتـە: «ئاللاھ سىلەرنى ۋە ياسـىغان نەرسـەڭلارنى ياراتقـان زاتتـۇر» دېگـەن[392]. پايـدا ـ مەنپەئـەت بەرگۈچـى، زىيـان يەتكۈزگۈچى، مەرتىۋىسـىنى ئۈسـتۈن قىلغۇچـى، تـۆۋەن قىلغۇچـى، كـەڭ قىلغۇچـى، تـار قىلغۇچـى، ئاتـا قىلغۇچـى، توسـۇپ قويغۇچى، ھىدايـەت قىلغۇچى، ھەممىگە كۇپايـە قىلغۇچـى ۋە ئىگـە بولغۇچـى زات ئاللاھـدۇر. بىزنىـڭ ھـەر بىـر ھەرىكـەت ۋە پائالىيەتلىرىمىـزدە مۇشـۇ مەزمۇنلارنـى ئەسـلەپ تۇرۇشـىمىزغا ۋە بويسـۇنۇشـىمىزغا توغـرا كېلىـدۇ.

2. ئاللاھ بىلـەن بولغـان مۇناسـىۋىتىمىزنىڭ جانلىنىشـى ئۈچـۈن ئاللاھنـى كـۆپ ئەسلىشـىمىز ھەمـدە ھـەر بىـر ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىمىـز ۋە ئەھۋاللىرىمىزدا ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىمىزنى ئەسلىشـىمىز لازىـم.

3. «لاھەۋلـە ۋەلا قۇۋۋەتـە ئىللا بىللاھ (يەنـى بارلىـق كـۈچ ـ قـۇۋۋەت ئاللاھ بىلـەن بولىـدۇ) دېگـەن سـۆزنى كـۆپ دەپ تـۇرۇش بـۇ مەزمۇنلارنـى ئەسلەشكە يـاردەم بېرىـدۇ، بـۇ زىكىرنىڭ مەنىسـىنى ئەسـلەش بىلـەن بىرگـە، كـۆپ قېتىـم دەپ تـۇرۇش تەۋەككـۈل قىلىشـنىڭ مەنىسـىنى ۋە ھەقىقىتىنـى رېئاللىققـا ئاشـۇرىدۇ.

---

[392] ساپات سۈرىسى، 96 ـ ئايەت.

4. «ئاللاھ ماڭا كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە» دېگەن سۆزنى دەپ تۇرۇش تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ زىكىرنى قىيىنچىلىق ۋاقتىدا دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىمانى، ئىشەنچىسى ئاشىدۇ ۋە تېخىمۇ تەۋەككۇل قىلىدىغان بولىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تەۋەككۇل قىلىش مۇكەممەل بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: <شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار> دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: <بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!> دېدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر» دېگەن[393].

تەۋەككۇل قىلىش دېگەن سەۋەب - چارىلەرنى قىلماسلىق دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى تەۋەككۇل قىلىش دېگەن ئاللاھقا تايىنىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، بارلىق ئىشلارنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش، شۇنداقلا ھەر بىر ئىشنىڭ ئۇ زاتنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ۋە خالىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

سىز قىلماقچى بولغان ئىش مەيلى دۇنياغا ياكى ئاخىرەتكە



[393] ئال ئىمران سۈرىسى، 173 - 174 - ئايەتلەر.

ئالاقىدار ئىش بولسۇن ياكى ئىبادەت ئىشلىرى بولسۇن، ئەگەر سىز ئۇ ئىشتا ئاللاھ ياراتقان ۋە بۇيرۇغان سەۋەب ـ چارىلەرگە ئىگە بولغان بولسىڭىز، ئاللاھقا تايىنىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە ھېكمىتىگە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن بۇ سەۋەب ـ چارىلەرگە ئەمەل قىلىشىڭىز لازىم.

ئەگەر سىز قىلماقچى بولغان ئىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك توغرا سەۋەب ـ چارىلەر بولسا قوللانسىڭىز بولىدۇ. سەۋەب ـ چارىلەرنى قىلىپ بولۇپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭ، ئەمما سەۋەب ـ چارىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش، پەيدا قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بولمىسا، سەۋەب ـ چارىلەر ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر نەتىجىمۇ چىقمايدۇ.

ئەگەر بىز قىلماقچى بولغان ئىش توغرا ئىش بولسا، لېكىن بىز بۇ توغرا ئىشنى قىلىشقا سەۋەب ـ چارە تاپالماي قالغان بولساق، ئۇ چاغدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلماي ۋە ئۇنىڭغا تايانماي ئامال يوق. بۇ چاغدا تەۋەككۇل قىلىش ئاشۇ ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ، چۈنكى تەۋەككۇل قىلىش سەۋەب ـ چارىلەر بىلەن بىرگە قىلىنىدىغان بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، دېمىسىمۇ سەۋەب ـ چارىلەرنى قىلىپ تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇغان.

بەزى كىشىلەر تەۋەككۇل قىلىشنى سەۋەب ـ چارە قىلماسلىق دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەۋەككۇل قىلىش سەۋەب ـ چارە

قىلماسلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، تەۋەككۇل قىلىش بىلەن سەۋەب ـ چارە قىلماسلىق بىرلىشەلمەيدۇ، شۇنداقلا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن سەۋەب ـ چارە قىلىش بىر بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھدىن: «تۆگەمنى باغلاپ قويامدىمەن ياكى تەۋەككۇل قىلدىم دەپ باغلىمىساممۇ بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «باغلاپ قويۇپ ئاندىن تەۋەككۇل قىلغىن» دېگەن[394]. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىستە تەۋەككۇل قىلىشنى سەۋەب ـ چارە قىلغاندىن كېيىن بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە بىزنى دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك ۋە ئىبادەت خاراكتېرلىك سەۋەب ـ چارىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن، ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارغا (ئېيتقىنكى، <(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ>» دېگەن[395]. يەنە: «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار» دېگەن[396]. يەنە: «(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن بوشىغان چېغىڭدا (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن» دېگەن[397]. يەنە: «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار»

[394] تىرمىزى رىۋايىتى، 2517 ـ ھەدىس.

[395] تەۋبە سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.

[396] بەقەر سۈرىسى، 43 ـ ئايەت.

[397] شەرھ سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

دېگەن[398]. يەنە: «زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار» دېگەن[399].

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھدىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئىش - ھەرىكەت قىلىپ يۈرمەي، تەقدىرىمىزدە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۈرمەيلىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئىش - ھەرىكەت قىلىڭلار، ئىش - ھەرىكەت قىلمىساڭلار بولمايدۇ، ھەر بىر كىشى نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسان توختايدۇ. قانداق كىشى بەخت - سائادەت ئەھلى بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بەخت سائادەتنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئاسان توختايدۇ، قانداق كىشى بەختسىز بولغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ئاسان توختايدۇ» دېگەن[400]. دېمەك، بۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. تەۋەككۈل قىلغۇچى بۇ سەۋەبلەرنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ كىشى بۇ سەۋەبلەردە تەسىر پەيدا قىلغۇچى زات ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇ سەۋەبلەرنى يارىتىش ۋە ئۈنۈم بېرىشكە ئاللاھ ئىگە دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن كۆرۈنۈشتە پايدا - مەنپەئەت ياكى زىيانغا باشلاپ بارىدىغان سەۋەب - چارىلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن پايدا قىلىدۇ ياكى زىيان قىلىدۇ. نېمەت ياكى مەھرۇملۇققا باشلاپ بارىدىغان سەۋەبلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولمىسا، ئاتا قىلالمايدۇ ياكى مەھرۇم قىلالمايدۇ. ھىدايەت ياكى

[398] ئەئراف سۈرىسى، 31 - ئايەت.
[399] مۈلۈك سۈرىسى، -15 ئايەت.
[400] بۇخارى رىۋايىتى، 4666 - ھەدىس.

ئازغۇنلۇققا باشلاپ باريدىغان سەۋەب ـ چارىلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولمىسا ھىدايەت قىلالمايدۇ ياكى ئازدۇرالمايدۇ. ئۇستۇنلۇك ياكى تۆۋەنلىككە ئېلىپ باريدىغان سەۋەبلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولمىسا ئۇستۇن قىلالمايدۇ ياكى تۆۋەن قىلالمايدۇ. جەننەتكە باشلاپ باريدىغان سەۋەبمۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولمىسا، جەننەتكە باشلاپ بارالمايدۇ...

رەسۇلۇللاھ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان نەرسە ئەمەسلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ: «سىلەردىن بىرىڭلارنى ئىش ـ ھەرىكىتى قۇتۇلدۇرالمايدۇ» دېگەندە، ئۇلار: سىلىنچۇ؟ يا رەسۇلۇللاھ، دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ: «مېنىمۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىم قۇتقۇزالمايدۇ، بىراق، ئاللاھ ماڭا چەكسىز رەھمىتىنى ئاتا قىلغان» دېگەن[401].

دېمەك، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە سەۋەب ـ چارە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ھالقىلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل ئۇ ئەمەس. بۇ ھەدىس بىزنى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن: «ئىش ـ ھەرىكەتنى دەل توغرا قىلىڭلار ۋە دەل توغرا قىلالمىساڭلارمۇ، توغرىلىققا يېقىنلاشتۇرۇپ قىلىڭلار» دېگەن[402]. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ: «ئىشنى توغرىلىققا يېقىن قىلىڭلار، دەل توغرا قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەردىن بىرىڭلارنى ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭلار...»

[401] بۇخارى رىۋايىتى، 6098 ـ ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2816 ـ ھەدىس.

[402] بۇخارى رىۋايىتى، 6098 ـ ھەدىس.

دېگەن[403]. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسلەردىكى مەقسىتى بىزنى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇش ئەمەس ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئىش ـ ھەرىكەت قىلغاندا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مېۋىسى ۋە قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە.

ئىبادەتلەرنى قىلىش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋاجىب بولغاندەك، دۇنيا ئىشلىرىدىمۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىرگە قىلىشقا تېگىشلىك ۋاجىب بولغان ئىشلار بار. ئىبادەتلەردە تەۋەككۇل قىلىش ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسەتمىگەندەك، رىزىق تەلەپ قىلىش ۋە دۇنيانىڭ زۆرۈر ياكى مۇباھ بولغان ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنى قىلىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشمۇ، ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئىنسان سەۋەب ـ چارىلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئاللاھ ئىگە دەپ قارايدىغان بولسىلا، ئۇ چاغدا تەسىر كۆرسىتىش ۋە نەتىجە بېرىشنى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە سەۋەب ـ چارىگە نىسبەت بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئىنساننىڭ ئېتىقادى توغرا بولۇپ، سەۋەب ـ چارە ئېتىبارى بىلەن: تاماق مېنى تويغۇزدى، دورا شىپا قىلدى، پالانى مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بەردى، تەنھەرىكەت مېنى كۈچلەندۈردى، ئوقۇش مېنى نەتىجە قازاندۇردى، دېسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز قىلغاندا ئېتىقادىدىن غاپىل قالغان بولسىمۇ، ئۇ توغرۇلۇق سورالغاندا توغرا جاۋاب بېرىدۇ.



---

[403] بۇخارى رىۋايىتى، 6102 ـ ھەدىس.

قانداق كىشى بۇ ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇ سەۋەب - چارىلەر بىلەن ئالاقىسى ياكى تەسىرى يوق دەپ قاراپ قالسا، بۇ سۆزلەرنى تىلى بىلەن سۆزلىمىگەن تەقدىردىمۇ، باتىل ئېتىقاد قىلغان بولىدۇ ۋە ئېزىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى ئاشكارا سەۋەبلىرىگە نىسبەت بەرگەن. مەسىلەن، ئاللاھ: «سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر» دېگەن[404]. بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بولغان. يۇقىرىقى ھەدىس بولسا زاھىرىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان. ئايەت بىلەن ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «ئەمەل ياكى ئىش - ھەرىكەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قاراشلىق بولغان سەۋەبتۇر» دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ئىش - ھەرىكەت ئاللاھ تەلەپ قىلغان شەرتلەرگە ئاساسەن ۋۇجۇتقا چىقسا، ئاللاھ ئۇ ئىش - ھەرىكەتكە قارىتا نەتىجە بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر»[405] دېگەن سۆزىدۇر. دېمەك، ئېھسان تېپىلسا (يەنى ئىخلاس بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇنلۇق تېپىلسا)، بۇ ئىش - ھەرىكەت ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. ئۇنداقتا، پەقەت ئىش - ھەرىكەت بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىش -

[404] زوخرۇف سۈرىسى، 72 - ئايەت.

[405] ئەئراف سۈرىسى، 56 - ئايەت.

ھەرىكەت بىلەن ئىھسان بىرلەشكەندە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ يەردىكى ئىش ـ ھەرىكەت رەھىمدىللىك بىلەن بىرلەشكەن كۆرۈنۈشتىن ئىبارەتتۇر، شۇڭا سىرتقى جەھەتتىن نەتىجىنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولمىسا، تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولسىمۇ، يەنىلا تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ھەقتە ھېساب ئېلىنىدۇ. ئاللاھ بىر بەندىنى كۈچى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى توسۇپ قويمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بەندىنىڭ شەرئى كۆسەتمىلەرگە سەل قاراپ تاشلاپ قويماسلىقى، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قىممىتى ياكى ئەھمىيىتى يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

تەۋەككۇل قىلىش بىز بۇيرۇلغان شەرئى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە قەلبىي ئەمەل بولسىمۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولغان بىر سەۋەبتۇر. شۇنداقلا، ئۇ رىزىقنىڭ ئاسان بولۇشى ۋە غەم ـ قايغۇنىڭ يوقۇلۇشى ئۈچۈنمۇ سەۋەبتۇر، چۈنكى تەۋەككۇل قىلىشتا ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئاللاھقا تايىنىش مەۋجۇت. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بەرگەن بولاتتى، قۇشلار ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ كېتىپ، كەچتە قارنى تويۇپ قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن[406]. دېمەك، سەۋەب تېپىلىدۇ، سەۋەب قۇشنىڭ رىزىقىغا ئوخشاش ئاسان ۋە

[406] تىرمىزى رىۋايىتى، 2344 ـ ھەدىس؛ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 205 ـ ھەدىس.

قولاي بولىدۇ، چۈنكى قۇش شۇ كۈنىدىن ئارتۇق غەم قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، سىز ئاللاھقا تايىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز، باشقىلار ھېس قىلالمىغان ئاللاھنىڭ سېخىيلىقى، نېمىتى ۋە ئېھسانىنى ھېس قىلالايسىز. بۇ پەقەتلا رىزىق مەسىلىسىگىلا خاس ئەمەس، پۈتۈن سەۋەب - چارىلەر تەۋەككۈل قىلىش ۋە تەقۋالىق قىلىش بىلەن ئاسانغا توختايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇيلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن[407].

ئەگەر ئىنسان ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشنى قىلسا، بۇ ئىشنى يالغۇز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشى ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىسە، خۇددى ئۇ زادىلا ئىش - ھەرىكەت قىلمىغاندەك بولۇپ قالىدۇ- دە، ئىش - ھەرىكىتى توغرا ئورۇندا بولمىغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىشتىن سوئال - سوراققا تارتىلىدۇ ۋە ھېسابقا تارتىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھتىن باشقىلار ئىبادەت قىلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ، ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىبادەت ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ يالغۇز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى ئۈچۈن قەلبنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى ۋاجىبتۇر.



[407] تالاق سۈرىسى، 2 - 3 - ئايەتلەر.

## 13. ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان رىياخورلۇق توغرىسىدا

ئەگەر ئىنسان پەقەت ئاللاھنىڭلا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق زات ئىكەنلىكىنى بىلسە، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلسۇن؟! قانداقمۇ ئىبادەت قىلىنىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلسۇن؟! ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر» دېگەن[408].

سىز پەقەتلا ئاللاھنىڭ پايدا مەنپەئەت ياكى زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇنداقتا، قانداقمۇ ئاللاھتىن باشقا بىرسىنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ ئىش - ھەرىكەت قىلىسىز؟ ھالبۇكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق بىرى سىزگە ساۋاب ياكى جازا، جەننەت ياكى دوزاخ بەلگىلەشكە قادىر ئەمەس.

سىز قانداقمۇ ئىش - ھەرىكەت قىلسىڭىز پايدا بېرەلمەيدىغان ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئالالمايدىغان بىرسىگە يۈزلىنىسىز؟! سىز ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بىرسىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتىسىز؟

[408] تەۋبە سۈرىسى، 31 - ئايەت.

ھەي مۇسۇلمان! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا قۇربان بېرىڭكى، ئوي خىياللىرىڭىزدا ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى ئۈچۈن ئەمەل قىلىپ سېلىش ياكى رىيا قىلىپ سېلىش بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى سىزنىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرىڭىز ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كېلىدۇ.

مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان ئىكەنمەن، مېنى ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىنىڭ ئىگىللىۋېلىش ھەققى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قاراپ قالىمەن؟! قانداقمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسى ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنى ئويلاپ قالىمەن ياكى ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قالىمەن!؟. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، بىز ئاللاھنى قويۇپ بىزگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ بىزنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (يەنى مۇرتەد بولامدۇق؟) (مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، شەيتانلار بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (ئۇ چۆلدە) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان، (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي، ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالىمىز. ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ھەقىقى ھىدايەتتۇر، بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق»[409].

شۇڭا سىز ھاياتىڭىزنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا پەرۋەردىگارىڭىزغا ئاتاڭ، ئۆزىڭىزنى ۋە نەپسى ـ خاھىشلىرىڭىزنى رازى قىلىشنى ئويلىماڭ، چۈنكى ئۇ

[409] ئەنئام سۈرىسى، 71 ـ ئايەت.

سىزگە مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ، سىزدىن زىيان ۋە ئازابنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىز ئارقىلىق بىرەر مەخلۇقنى رازى قىلىشنى ياكى ئۇنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا قوشۇلۇشنى مەقسەت قىلماڭ، چۈنكى ئۇنداق قىلىش سىزگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ ۋە سىزنى ھىمايە قىلالمايدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنى ياكى بىرەر مەخلۇقنى پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلەيدۇ دەپ ئويلاپ قالسىڭىز، بۇ خىيالدۇر. چۈنكى مەخلۇقلار تەرىپىدىن بولغان پايدا ۋە زىيان ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە ئىرادىسى بولمىسا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «شۇنى ئېنىق بىلگىنكى، ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسە ئارقىلىق پايدا يەتكۈزمەكچى بولسا، ئەمما ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلمىسا، ساڭا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۈممەت ساڭا بىر نەرسە بىلەن زىيان سالماقچى بولسا، ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلمىسا، ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر يېزىپ بولدى ۋە ئىشلار بەلگىلىنىپ بولدى» دېگەن[410].

دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشسا، پات ئارىدا ئاللاھتىن باشقا پايدا بەرگۈچى، زىيان سالغۇچى، توسقۇچى، بەرگۈچى، يۇقىرى كۆتۈرگۈچى ۋە تۆۋەن قىلغۇچىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرەلەيسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخلۇقلارنىڭ بىرەرسى پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، دېگەن خىيالنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇڭ. شۇڭا، سىز مەخلۇقلارنى مەقسەت قىلىپ بىر ئىش قىلماڭ ۋە ئۇلارغا بىر ئىش قىلىپمۇ يۈزلەنمەڭ.

[410] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 2669 ـ ھەدىس؛ تىرمىزى رىۋايىتى، 2516 ـ ھەدىس.

سىز ھەربىر ئىبادەتنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى قەلبىڭىزگە كەلتۈرىشىڭىز كېرەك، نىيىتىڭىز يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈنلا بولمىسا خالىس بولغان بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئۈمىد قىلماڭ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قارىماڭ، ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن ياخشىلىق ياكى ساۋاب كۈتۈپ ئولتۇرماڭ. چۈنكى ئاللاھتىن باشقىسىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان بىر ئىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ ھەم نىيىتىڭىز يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈن بولمىسا، قىلغان ئىش - ھەرىكىتىڭىزنىڭ ساۋابىغىمۇ ئېرىشەلمەيسىز. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىش ياكى قوبۇل قىلىنماسلىقى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ھەر بىر كىشى نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، قانداق بىر كىشى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەقسەت قىلىپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئۈچۈن بولىدۇ، قانداق بىر كىشى مال - دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايال بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى مەقسىتىگە لايىق بولىدۇ» دېگەن[411].

ھەزرىتى ئەبۇمۇسادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھدىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى قەيسەرلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، يەنە بىر كىشى جەمەتىنى قوغداش قىزغىنلىقى تۈتۈپ كېتىپ جەڭ قىلىدۇ، يەنە بىر كىشى رىيا قىلىپ جەڭ قىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا،

[411] بۇخارى رىۋايىتى، 54 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 1904 - ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ: «قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئاللاھنىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ» دېگەن[412].

ئاللاھ بىزنى ئىبادەت قىلغاندا ئىخلاس بىلەن قىلىشىمىزغا بۇيرۇپ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»[413]. يەنە: «مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، دېگىن» دېگەن[414]. يەنە: «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن، سىلەر ئاللاھتىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار! دېگىن» ۋە «قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر، دېگىن» دېگەن[415].

ئاللاھ بىزگە خالىس بولمىغان ئىشلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىلىڭلاركى، ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن[416].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ساۋاب ۋە قوبۇلغا ئېرىشىشىمىزنى ئىرادە



---

[412] بۇخارى رىۋايىتى، 7020 ـ ھەدىس.

[413] بەيیىنە سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.

[414] زۇمەر سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.

[415] زۇمەر سۈرىسى، 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

[416] زۇمەر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

قىلساق، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ساۋابىنى ئاللاھتىن كۈتۈشىمىزنى، بىرەر مەخلۇقنىڭ مۇكاپاتلىشى ياكى مەدھىيەلىنىشىنى ئۈمىد قىلماسلىقىمىزنى ئەسكەرتكەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «قانداق بىر كىشى قەدىر كېچىسىنى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ۋە ساۋاب تەلەپ قىلىپ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن[417]. يەنە: «قانداق بىر كىشى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ۋە ساۋاب تەلەپ قىلىپ روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەن[418]. يەنە: «قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ جىنازىسىغا ناماز ئوقۇلۇپ، يەرلىكىدە قويۇلغانغا قەدەر چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ۋە ساۋاب تەلەپ قىلىپ ئەگەشسە، ئۇ ئىككى ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ھەر بىر ساۋاب ئۇھۇد تېغىدەك كاتتا ساۋابتۇر. قانداق بىر كىشى جىنازە نامىزىغا قاتنىشىپ، دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى قايتىپ كەتسە، ئۇنىڭغا بىر ھەسسە ساۋاب بولىدۇ» دېگەن[419].

## قانداق قىلغاندا ئىخلاسنى چارچىماستىن ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ؟

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە ۋە ھاياتنىڭ مەقسىتىنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش دەپ بەلگىلىسە، بارلىق ئىشلىرىدا ئىخلاس

[417] بۇخارى رىۋايىتى، 35 ـ ھەدىس.
[418] بۇخارى رىۋايىتى، 38 ـ ھەدىس.
[419] بۇخارى رىۋايىتى، 47 ـ ھەدىس.

ئۆزلۈكىدىن تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئۆزىگە: «بۇ ئىشنى ئاللاھ خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ؟» دەپ سورايدىغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىش ئاللاھ ئىرادە قىلىدىغان ئىش بولسا، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئىشنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان نىيىتىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولغان بولىدۇ ۋە ئىتائەت بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىش ئاللاھ خالىمايدىغان ياكى ئاللاھ توسقان ئىش بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمايدۇ، ئۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ تاشلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۇ ئىشنى قىلماسلىقنى خالايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلماسلىق نىيىتى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىش ئاللاھ دۇرۇس قىلىپ بەرگەن ۋە قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىختىيارلىق بەرگەن ئىش بولسا، ئۇ ئىشنى دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن بولمايدۇ، بەلكى بۇ ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىش قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ كۆڭلى ياكى باشقىلارنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ياكى توسقان ياكى مۇباھ قىلغان بۇيرۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرىكەتلەنمەيدۇ. ھەر بىر ئىشنى قىلىدىغان چاغدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاساس قىلسا، ئىخلاس قىلغان بولىدۇ ۋە ھەربىر ئىشلىرىنى

ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھ ئىرادە قىلمايدىغان ئىشتىن بىرەر مەنپەئەت ئۈمىد قىلمايدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ : «قانداق بىر كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولغان بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. يەنە ئاللاھنىڭ: «(ئى مۇھەممەد!)، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن، دېگىن»[420] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ھەممە ھاياتى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بىر ئىش قىلماقچى ياكى بىر ئىبادەتنى ئادا قىلماقچى بولسا، ئىش باشلايدىغان چاغدا ئۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش نىيىتىنى ھازىر قىلىشى، ئۇ ئىشتا ئىخلاس قىلىشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم. شۇڭا، بىر ئىش قىلغاندا، بىرەر كىشىنىڭ كۆرۈشىنى مەقسەت قىلمىسۇن ياكى بىرەرسىنىڭ ماختاپ قويۇشىنى ياكى بىرەرسىنىڭ بىر نەرسە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالمىسۇن. ئۇ ئىشنى مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ياكى يۈزئابروي ئۈچۈن ياكى دۇنيالىقى ئۈچۈن ياكى باشقىلارنى ئۆزىگە ياخشى كۆرسىتىش

[420] ئەنئام سۈرىسى، 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

ئۇچۇن قىلمىسۇن، شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ قىلمىسۇن.

ئاللاھتىن باشقىسىغا بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئىبادەت قىلىسمۇ، پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ دەپ ئويلىغاندا ئىخلاسنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدىكى نىيەتنىڭ ھەقىقىتى ئىنساننى بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتقان ھەقىقىي ئىرادىگە باغلىق بولىدۇ. يەنى ئۇ ئىشنى قىلىشتىكى ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى، ئىتائىتى ۋە جەننىتىنى ئۈمىد قىلىشمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ چوڭ بىلىشى ئۈچۈن قىلدىمۇ ياكى كىشىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب ئۈچۈن قىلدىمۇ؟ دېگەن سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئىش ـ ھەرىكەتكە سەۋەب بولغان ئامىلنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا خالىس بولسا، مۇسۇلماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ۋە ئەجرىنىڭ مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرۈپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر ئىش قىلساڭ، ئۇ ئىش ئارقىلىق دەرىجەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن[421]. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن مۇسۇلمان بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلسا، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى دۇكىنىدا ۋە ئۆيىدە ئوقۇلغان نامىزىدىن 25 ھەسسە يۇقىرى ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. سىلەردىن بىرىڭلار تاھارەتنى

[421] بۇخارى رىۋايىتى، 3721 ـ ھەدىس.

جايىدا ئېلىپ، ئاندىن مەسچىتكە نامازنى دەپ كەلسە، مەسچىتكە كىرگەنگە قەدەر ماڭغان ھەر بىر قەدىمى بىلەن بىر دەرىجە يۇكسىلىدۇ ۋە بىر خاتالىقى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەگەر مەسچىتكە كىرىپ نامازنى ساقلاپ تۇرسا، ناماز ئوقۇغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. پەرىشتىلەر ناماز ئوقۇغان ئورنىدا تاھارەتلىك ھالىتىدە ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرگە رەھمەت تىلەپ ئۇلار ھەققىدە: ‹ئى ئاللاھ ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن› دەيدۇ» دېگەن[422]. ھەدىستىكى «نامازنى دەپلا مەسچىتكە كېلىدۇ» دېگەن سۆزدىن مەقسەت نامىزى ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى خالاشتۇر، چۈنكى ئۇ بىرەر غەرەز ئۈچۈن ياكى بىرەر تىجارەت ئۈچۈن ياكى بىرسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چىقمىغان ياكى تاسادىپىي جامائەت نامىزىغا ئۇلگۈرۈپ قالمىغان، بەلكى نامازنىلا مەقسەت قىلىپ چىققان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق كاتتا ساۋابقا لايىق بولغان. بۇ ھەدىستە ئىنسانىنىڭ ئىش - ھەرىكەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇ ئىشتا ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىخلاسمەن بولۇشى توغرىسىدا ئەسكەرتمە بار. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ‹مەن شېرىكلەردىن بىھاجەت زات، قانداق بىر كىشى بىر ئىشنى قىلىپ، ئۇ ئىشتا ماڭا بىرىنى شېرىك قىلىپ قويسا، ئۇ چاغدا مەن ئۇ كىشىنى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىگە تاشلاپ بېرىمەن›» دېگەن[423].

---

[422] مۇسلىم رىۋايىتى، 649 - ھەدىس.

[423] مۇسلىم رىۋايىتى، 2985 - ھەدىس.

ساغلام مەقسەت، ياخشى نىيەت ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاسىنىڭ تېپىلغانلىقى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە زىت بولۇشىنى ئاقلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھقا، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىق توغرىسىدا ئۇن نەچچە دەلىل ئىسپاتلار كەلگەن. مەسىلەن، ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر» دېگەن[424]. يەنە: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن[425].

دېمەك، مۇسۇلمان كىشى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلىش بىلەن بىرلىكتە، قىلغان ئىشلىرىدا ئىخلاسمەن بولۇشى كېرەك. بىز يۇقىرىدا ئىخلاسقا بۇيرۇيدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى بايان قىلدۇق.

رەسۇلۇللاھ ئىشلارنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن ئىخلاس ھالىتىدە بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا: «ئاللاھ سىلەرنىڭ سۈرىتىڭلار ۋە مال - مۈلۈكۈڭلارغا قارىمايدۇ،

---

[424] مائىدە سۈرىسى، 92 - ئايەت.

[425] نىسا سۈرىسى، -14 ئايەت.

لېكىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن[426]. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھ ئىرادە قىلغاندەك ۋە يولغا قويغاندەك بولۇشى لازىم ھەمدە قەلب ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىشى، ئۇنىڭ پەزلى، مۇكاپاتى ۋە رازىلىقىنى ئىرادە قىلىشى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىشى، ئۇنىڭدىن قورقۇشى ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك.

بىراق، ئىنسان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ كېلىدىغان بىر ئىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ نىيەتلىرى ھەققىدە ھېسابقا تارتىدۇ ۋە مەجبۇرلىنىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ» دېگەن[427]. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «بىر قوشۇن كەئبىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار بەيدا دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ» دېگەندە، ھەزرىتى ئائىشە: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا تەۋە بولمىغانلار بار تۇرسا، قانداقمۇ باش ـ ئاخىرى بولۇپ ھەممە كىشىلەرنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ؟› دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ بۇ

---

[426] مۇسلىم رىۋايىتى، 2563 ـ ھەدىس.

[427] نەھل سۈرىسى، 106 ـ ئايەت.

سوئالغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار نىيەتلىرىگە قارىتا قايتىدىن تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېگەن[428].

ئەگەر ئىنسان نىيىتىدە ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتنى ئۈمىد قىلىپ راستچىل بولسىمۇ، بىراق ياخشى ئىش قىلىشقا بىرەر ئۆزرە ياكى ئىرادىسىدىن سىرتقى بىر ئىش توسالغۇ بولۇۋالغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ نىيىتىگە قارىتا ئىش قىلغانلىقنىڭ ئەجرىنى يازىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان سېخىيلىقىدۇر. بۇنىڭدىكى راستچىللىقنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىشنى قىلغان بولاتتى. ھەزرىتى جابىر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بىر جەڭدە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ: <مەدىنىدە بىر بۆلەك ئادەملەر بار، سىلەر جەڭگە ئاتلانغان ياكى بىرەر سەپەرگە چىققان بولساڭلار، ئۇلار ئەجىر جەھەتتە سىلەر بىلەن ئورتاق بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار كېسەل سەۋەبلىك سەپەرگە چىقالمىغان> دېگەن»[429]. ئۇلارنىڭ سەپەرگە چىقالمىسىمۇ نىيەتلىرى سەۋەبلىك جىھاد قىلغان قېرىنداشلىرىغا قانداق ئورتاق بولغانلىقىغا قاراڭ. رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئۇلار سىلەر بىلەن بىرگە ئىدى» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ جەڭگە چىققاندەك ئەجىر ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار نىيەتلىرى بىلەن مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە ئىدى.

---

[428] بۇخارى رىۋايىتى، 2012 - ھەدىس.

[429] مۇسلىم رىۋايىتى، 1911 - ھەدىس.

شۇنىڭدەك، قانداق بىر كىشى ياخشىلىقنى سەمىمىيلىك بىلەن نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن بولسا، ئۇ ئىشنى قىلغاندەك ساۋاب يېزىلىدۇ. شۇنداقلا قانداق بىر كىشى يامانلىقنى كەسكىن نىيەت قىلىپ، قۇدرىتى يەتسە ئۇ يامانلىق ۋە گۇناھنى ئەمەلىي قىلىدىغان بولسا، ئۇ گۇناھنى قىلغاندەك گۇناھ يېزىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ: «كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز»[430] دېگەن سۆزى دەلىلدۇر، چۈنكى ئاللاھ بۇ ئايەتتە پەقەتلا ئىرادە قىلغانلىقىغا ئازاب بەلگىلىگەن.

ئەبۇ بەكرە رەسۇلۇللاھدىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان قىلىچ بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، قاتىلغۇ دوزاخقا كىرسۇن، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم نېمە دەپ دوزاخقا كىرىدۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇمۇ خۇسۇمەتچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس ئىدى› دەپ جاۋاب بەرگەن»[431].

ئەبۇ كەبشەدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا تۆت تۈرلۈك كىشىگە تەۋە بولىدۇ. بىرى، ئاللاھ مال - دۇنيا ۋە ئىلىم ئاتا قىلغان كىشىدۇر، ئۇ كىشى مال - دۇنياسى ۋە ئىلمىدە ئاللاھتىن قورقىدۇ، تۇغقانچىلىق

[430] ھەج سۈرىسى، 25 - ئايەت.

[431] بۇخارى رىۋايىتى، 31 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2888 - ھەدىس.

مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەيدۇ ۋە ئۇ ئىشتا ئاللاھنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، بۇ كىشى ئەڭ ئەۋزەل ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھ ئىلىم ئاتا قىلغان، مال - دۇنيا ئاتا قىلمىغان كىشىدۇر، ئۇ كىشى نىيىتىدە راستچىلدۇر. ئۇ كىشى كۆڭلىدە ئەگەر مېنىڭمۇ مال - مۈلكىم بولغان بولسا، پالانىغا ئوخشاش ئەمەل قىلغان بولاتتىم دەيدۇ، بۇ كىشى نىيىتىگە يارىشا ئەجىر ئالىدۇ، بۇ كىشىنىڭ بىرىنچى كىشى بىلەن ساۋابى ئوخشاش بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ بىر كىشىگە مال - دۇنيا ئاتا قىلىدۇ ۋە ئىلىم ئاتا قىلمايدۇ، ئۇ كىشى مال - مۈلكىدە قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھتىن قورقمايدۇ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەيدۇ ۋە ئۇ مالدا ئاللاھنىڭ ھەققى بار، دەپ قارىمايدۇ، بۇ كىشى ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاللاھ مال - دۇنيامۇ ۋە ئىلىم مەرىپەتمۇ ئاتا قىلمىغان كىشىدۇر، ئۇ كىشى كۆڭلىدە: ‹ئەگەر مېنىڭمۇ مال مۈلكىم بولغان بولسا، پالانىغا ئوخشاش ئەمەل قىلغان بولاتتىم› دەيدۇ، ئۇ كىشى نىيىتىگە قارىتا گۇناھكار بولىدۇ، بۇ كىشى بىلەن ئۈچىنچى كىشىنىڭ گۇناھى ئوخشاش بولىدۇ»[432].

قانداق بىر كىشى نىيىتىدە سادىق بولۇپ، بىر ئىش - ھەرىكەتنى باشلىغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئىش - ھەرىكەتنى تاماملاشقا ئىرادىسىدىن سىرتقى بولغان بىر سەۋەب ياكى بىر ئۆزرە توسالغۇ بولۇۋالغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تولۇق ئەجىر بېرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «كىمكى ئاللاھ يولىدا

[432] تىرمىزى رىۋايىتى، 2325 - ھەدىس. سەھىھ ھەدىس.

ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن[433]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان يولدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشى ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇنىڭ نىيىتى ئىشنى تاماملاش ۋە ھىجرەت قىلىش بولغاچقا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئايەتنىڭ باش قىسمى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتەك خالىس ئىش - ھەرىكەتنىڭ دۇنيا ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش، دۇنيا ئىشلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئىخلاسمەنلەرگە ئۇنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇپ بېرىشكە سەۋەب بولىدۇ، دەپ بايان قىلغان.

ئەگەر سىز ئېھسان ۋە راستچىللار ماقامىغا يېتىشنى سەمىمى نىيەت قىلغان بولسىڭىز ۋە كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىڭىز، ئاللاھ سىزنى ئاشۇ دەرىجىنىڭ قاتارىدا يازىدۇ. ئەگەر سىز جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىسىڭىزمۇ، بىراق ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى نىيەت قىلسىڭىز، ئاللاھ سىزگە نىيىتىڭىزگە يارىشا ساۋاب بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «قانداق كىشى جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى نىيەت قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ بىر تارمىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ» دېگەن[434]. يەنە: «قانداق كىشى ئاللاھتىن شېھىتلىكنى سەمىمىيلىك بىلەن تەلەپ قىلسا، ئۇ

[433] نىسا سۈرىسى، 100 - ئايەت.

[434] مۇسلىم رىۋايىتى، 1910 - ھەدىس.

كىشى ئۆيىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شېھىتلەرنىڭ ماقامىغا يەتكۈزىدۇ» دېگەن[435].

ئەگەر سىز كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنى سەممىي نىيەت قىلىپ، ئاندىن ئويغىنالمىغان بولسىڭىز، ئاللاھ سىزگە كېچىدە قىيامدا نامازغا تۇرغانلىقىنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ، چۈنكى سىز ئويغىنالىغان بولسىڭىز، كېچىدە نەپلە ناماز ئوقۇيتتىڭىز. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «قانداق كىشى كېچىدە ئويغىنىپ، قىيامدا تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ئۇخلىغان، بىراق تاڭ ئاتقىچە ئويغىنالماي قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە نىيەت قىلغان ئىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سەدىقە قىلىنغان بولىدۇ» دېگەن[436].



مۇسۇلمان كىشى بىر ئىشقا قارىتا ئارتۇق ساۋاب ئالالايدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىر ئىشنى ئوخشاش كۈچ بىلەن قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇ ئىشتىكى ياخشى نىيەتلىرى سەۋەبىدىن، ياخشىلىقلىرى ۋە ساۋابلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھنىڭ: «ھەر بىر كىشى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر.

بىر كىشى بەزىدە تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە كىرگەندىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇيدۇ، بۇ ئىككى رەكەتلىك ناماز بىلەن مەسچىتكە سالام بېرىش نامىزىنى، تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازنى ۋە گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش

[435] مۇسلىم رىۋايىتى، 1909 - ھەدىس.
[436] نەسەئى رىۋايىتى، 1459 - ھەدىس، سەھىھ ھەدىس.

نامىزىنى نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرى پەقەتلا مەسچىتكە سالام بېرىش ئۈچۈن ئوقۇغان ئىككى رەكەت نەپلە نامازنىڭ ساۋابىدىن كۆپ بولىدۇ.

بىر كىشى بەزىدە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇ خىجىل بولۇپ ئادا قىلىپ قويغان بولسا، خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى بولمايدۇ، پەقەت قېرىندىشىدىن خىجىل بولۇپ قىلىپ قويغانلىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىپ قويغان بولسا ئۇنىڭغا ساۋاب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئادا قىلىش جەريانىدا مۇسۇلمان قېرىندىشىغا كەمتەرلىك قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە قېرىندىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ساۋابى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇمچە بەزى مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ئېڭىنى ئۆگىتىپ قويۇشنىمۇ نىيەت قىلغان بولسا، ساۋابى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى بىر ئىش بولغان بىلەن، ساۋابى نىيىتىگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ.

مۇسۇلمان پۇل تېپىش، تاماق يېيىش، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ياسىنىش، بالىلىرى بىلەن ئوينىشىش، ئايالىغا چاقچاق قىلىش ۋە ئايالىغا بىر نەرسە يېگۈزۈپ قويۇشقا ئوخشاش ئادەتتىكى مۇباھ ئىشلىرىدا ۋە تۈرلۈك مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن توغرا نىيەتتە بولسا، ساۋاب ئالالايدۇ. بۇ

ئارقىلىق ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلار ياخشى نىيەت سەۋەبىدىن ۋە دۇنيالىق مۇباھ ئىشلارنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاستىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش نۇقتىسىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان بارلىق ئىشلىرى ئاخىرىتى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەمما قانداق كىشى بۇ ئىشلارنى دۇنياغا ۋە دۇنيانىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئەجىر بېرىلمەيدۇ.

ھەزرىتى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ھەججەتۇل ۋىدا قىلغان يىلىنىڭ بىر كۈنى مېنى يوقلاپ كەپتۇ، مەن بۇ قېتىمقى كېسەللىمدە ئۆلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئىدىم. مەن رەسۇلۇللاھقا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سىلى كۆرگەنلىرىدەك مەن ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدىم، مېنىڭ مال-مۈلكۈم كۆپ ئادەم، بىراق مېنىڭ مىراس ئالىدىغان پەقەت بىرلا قىزىم بار، شۇڭا مال-مۈلۈكمنىڭ ئۈچتە ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلىۋەتسەم قانداق قارايلا؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: ‹يېرىمىنى سەدىقە قىلىۋەتسەم بولامدۇ؟› دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹سەئىد، ئۈچتە بىرىنى سەدىقە قىلغىن، ئۈچتە بىرىمۇ كۆپ. سەن مىراسخورلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇپ كەتكىنىڭ ئۇلارنى باشقىلاردىن تىلەمچىلىك قىلىدىغان كەمبەغەل ھالەتتە قالدۇرۇپ كەتكىنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ. سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ چىقىم قىلساڭ، ئەجرىگە ئېرىشىسەن، ھەتتاكى ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما تاماققىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ› دېدى.

مەن رەسۇلۇللاھقا: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن ھىجرەت قىلغان يۇرتۇمغا قايتالماي مۇشۇ يەردە قېلىپ قالارمەنمۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹سەن قېلىپ قالمايسەن، سەن بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان بولساڭ، ئۇ ئارقىلىق دەرىجەڭ ئاشىدۇ. بەلكىم سەن بۇ يەردە قېلىپ قالساڭ، بەزى كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر سىقىلىشى مۇمكىن› دېگەن»[437]. دېمەك، بىر مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئايالىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما تاماققىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ياخشى، خالىس نىيەت ئارىلاشقان ھەرقانداق مۇباھ بىر ئىشقىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ.

## ئىخلاستىن تەلەپ قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم

1. ئىماندا سەمىمي بولۇش: قانداق كىشى ئاللاھتىن باشقا بىرەرسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇ ئەمەلىيەتتە مۆمىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە سۈپەتلىرىنى ئىمان ئېيتىشقا يارايدۇ، دەپ قارىمىغان. ياكى ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىغان ياكى تونىغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن. شۇڭا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ نەزىرىدە ئاددىي بىر زات تۈيۈلۈپ قالغان. ئەمما ئۇ خۇشامەت قىلىۋاتقان ۋە رازى قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاللاھتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىشى مۆمىن ھېسابلانمايدۇ، ئاللاھنىڭ

[437] بۇخارى رىۋايىتى، 3721 - ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى، 1628 - ھەدىس.

قەدرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىماننى ئىپلان قىلغانلىقى زاھىرىدە ئىمان بىلەن كۆرۈنۈپ قويغانلىقتۇر. ئىمان بىلەن كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاللاھتىن باشقا بىرسىنى مەقسەت قىلغان كىشى مۇناپىق سانىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ» دېگەن[438]. شۇڭا، دىن ۋە دىندارلىق ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولۇشى لازىم.



تەۋھىد سۆزى دىندارلىقنى ئىپلان قىلغانلىقنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئىگىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولۇشى ئۈچۈن خالىس بولۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ: «قانداق كىشى چىن قەلبىدىن <ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر> دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن[439].

2. ئىبادەتلەرنىڭ پەرز ۋە نەپلىسىدە ئوخشاشلا ئىخلاس بولۇشى لازىم. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى

---

[438] نىسا سۈرىسى، 145 - 146 - ئايەتلەر.

[439] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، 200 - ھەدىس؛ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 22113 - ھەدىس. سەھىھ ھەدىس.

ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى» دېگەن[440]. ئىبادەت مەيلى پەرز ياكى نەپلە بولسۇن، ئىنسان ئۇ ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ قالسا، قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھتىن باشقىسىغا يۈزلەنگەن ۋە ئىبادەت قىلغاندەك بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ دوزاخ ئازابى بىلەن ۋەدە قىلغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا: «شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ» دېگەن[441].

3. گۇناھلارنى تاشلاشتا سەممىي بولۇش: ئىنسان گۇناھلارنى تاشلاشنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەممىي بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى گۇناھلىرىنى قىلىشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىغان بولسا، گۇناھنى تاشلاشتا سەممىي بولغان بولمايدۇ ۋە ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كۈچى يەتكەن بولسا ئۇ گۇناھنى قىلغان بولاتتى. بەلكىم ئۇ كىشى گۇناھ قىلىشقا كەسكىن ئىرادە باغلاپ، قىلىشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلمىغان بولسا، گۇناھكار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى گۇناھ قىلىشقا قىزىقتۇرغان، بىراق ئۇ كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە

[440] بەييىنە سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.
[441] نىسا سۈرىسى، 142 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ ياكى ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ياكى ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن گۇناھنى تاشلىغان بولسا، بۇ چاغدا ھەقىقەت ۋە توغرىلىققا قايتقانلىقى ئۈچۈن ساۋاب يېزىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ ھەدىس قۇدۇسىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: «قانداق كىشى يامان بىر ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ بولۇپ، قىلمىغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ» دېگەن[442]. يەنە بىر رىۋايەتتە ساۋاب يېزىلىدىغان ئىش ئاللاھ ئۈچۈن گۇناھنى تاشلاشتۇر دەپ ئېنىق كەلگەن. شۇڭا، ئاللاھ ھەدىس قۇدۇسىدا: «ئەگەر بەندەم مەن ئۈچۈن گۇناھنى تاشلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ساۋاب يېزىڭلار، دەيدۇ»، دەپ كەلگەن[443].

قانداق كىشى ئىنسانلاردىن خىجىل بولۇپ ياكى ئۇلارغا خۇشامەت قىلىپ بىرەر گۇناھنى تاشلىغان بولسا ياكى ئۇ گۇناھنى كۆڭلى تارتمىغانلىقتىن تاشلىغان بولسا، گۇناھنى تاشلاشتا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن تاشلىغان بولمايدۇ ياكى ئىخلاسمەن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر گۇناھنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن تاشلايدىغانلىقىنى كاللىسىغا كەلتۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن، بىر كىشى ھاراق، زىنا ۋە ئوغرىلىقنى ئۇ ئىشلارنىڭ زىيانلىرى ۋە ئىنسانىي جازالاردىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈن



[442] بۇخارى رىۋايىتى، 6126 - ھەدىس.

[443] بۇخارى رىۋايىتى، 7062 - ھەدىس.

تاشلايدۇ. قاتىللىق قىلىش جىنايىتىنى ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىش ياكى تۈرمىگە كىرىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تاشلايدۇ. مەكروھ ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ياكى كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن تاشلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان چوڭ ياكى كىچىك گۇناھتىن توسىدىغان بىرەر ئايەت ياكى ھەدىس ئوقۇغاندا، كۆڭلىدە ئۇ گۇناھلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تاشلايدىغانلىقىنى كەلتۈرۈشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۇناھنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما كىم ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ كىشىدە گۇناھ ۋە شەھۋەت پۇرسىتى كەلگەندە ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. بىر نەرسىنى تاشلاش ياكى بىر نەرسىدىن قول يىغىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىبادەت مەسىلىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىشى ئۈچۈن نىيىتىمىز ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئاللاھ ھەدىس قۇدسىدا روزا توغرىسىدا: «ئۇ مەن ئۈچۈن يېمەك - ئىچمىكىنى ۋە شەھۋىتىنى تاشلايدۇ» دېگەن[444].

ئەگەر بىر ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن روزا تۇتۇشنى ئىرادە قىلماستىن بىر كۈن تاماق يېيىشتىن ساقلانغان بولسا، ياكى ئورۇقلاشنى نىيەت قىلغان بولسا، ياكى يەپ ئىچىدىغان يىگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغان بولسا، بۇ ئىش روزا ئىبادىتى



[444] بۇخارى رىۋايىتى، 1795 - ھەدىس.

سانالمايدۇ ۋە ئۇ كىشىگە روزا تۇتقانلىقنىڭ ساۋابى يېزىلمايدۇ.

4. مۇسۇلمان كىشى ئىلىم ـ سېتىم، توي ـ تۆكۈن، تۈرلۈك خىزمەت ۋە باشقا ئىشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە ئىشلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىسا توغرا بولمايدۇ، بىراق بۇ ئىشلارنى قىلغاندا «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن» دېگەننى كاللىسىغا كەلتۈرۈش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئىشلاردا ئىخلاس قىلىشتىن غاپىل قالغان بولسا، كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن ھېسابلانمايدۇ، شۇنداقتىمۇ نىيىتى يامان بولماسلىقى كېرەك. بۇ ئىشلارنى قىلغاندا «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن» دېگەننى كاللىسىغا كەلتۈرسە پايدىلىق بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچلىنىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى توي قىلغان ۋاقتىدا تويىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاللاھنى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى زىنادىن ۋە ھارام ئىشلاردىن ساقلاشنى ۋە ئىپپەتلىك تۇتۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بايقايدۇ. توي قىلغاندا بۇ نىيەت بولمىغان بىلەن ئۇنىڭ زىنا ۋە شەھۋەت يولىنى تاشلاپ، ئاللاھ رۇخسەت قىلغان مۇباھ يولنى تاللىغانلىقى يېتەرلىكتۇر، چۈنكى ياخشى نىيەت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بار ئىدى.

ئاللاھ بەزى مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىتائەت شوئارلىرى نامايەن بولۇپ تۇرىدىغان ئىبادەت قىلىپ بەلگىلىگەن، شۇنىڭ

ئۆچۆن نەزىرە قىلىش، قان قىلىش، دەۋەت قىلىش، جىھاد قىلىش دېگەندەك ئىشلاردا نىيەت ئېنىق بولۇش ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىش لازىم.

5. ئەخلاق ۋە ئەخلاقنىڭ مۇئامىلە ئىشلاردىكى تەسىرى. مەسىلەن، سېخىيلىق، كەمتەرلىك، سىلىق ـ سىپايە، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، ئادىللىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا گۈزەل ئەخلاقلارغا مۇسۇلمان ۋە كاپىرمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، چۈنكى بۇ ئەخلاقلاردا پايدا ـ مەنپەئەت تېپىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ ئەخلاقلىرى ئارقىلىق دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىنى ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، دۇنيالىق ئەخلاق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ساۋاب بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ پەقەتلا دۇنيانى مەقسەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ» دېگەن[445].

ئەگەر ئىنسان گۈزەل ئەخلاقلىرى ئارقىلىق ئاخىرەتنى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان بولسا، دۇنيالىقنىلا مەقسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەخلاق ئىنسانغا پايدا

[445] ھۇد سۈرىسى، 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

يەتكۈزىدىغان توغرا ئورنىغا جايلاشقان بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشى دۇنيالىق پايدا ـ مەنپەئەت ھاسىل بولمىسىمۇ، گۈزەل ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۈزەل ئەخلاقلار دۇنيالىقنى ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتنى كۆزلىگەن دىننىي تۈيغۇ سەۋەبىدىن مۇسۇلماندا كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان كىشى ئەخلاقىدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمما كاپىر ئاخىرەتتە پايدىلىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئېتىبارسىز بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمان ئەخلاقىدىن پايدىلىنىشى ۋە ئەجىرگە ئېرىششى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا يامان نىيەت، يامان غەرەز ۋە بۇزۇق ئەخلاق بولماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇ يۈز ـ ئابرۇي، ماختاش ياكى مال ـ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئېرىششنى مەقسەت قىلىپ ئەخلاقلانغان بولسا، ئەخلاقى بىلەن دۇنيانى تاما قىلغان بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى ئەخلاقىنى ۋاستە قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن گۇناھكار بولىدۇ.

مانا بۇ مۇسۇلماندا تېپىلىشقا تېگىشلىك نىيەت ۋە ئىخلاسنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدۇر.



## ئىخلاسنىڭ قارىمۇ - قارشىسى بولغان رىياخورلۇق توغرىسىدا

ئىككى رەكەت سۈننەت نامازنى مەسچىتتە ئوقۇسىڭىز ئۈچ مىنۇت ۋاقىت كەتسە، ئۆيدە ئوقۇسىڭىز ئىككى مىنۇت ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، سىز ئېشىپ قالغان بىر مىنۇتتا كىم ئۈچۈن يېقىنلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

سىز بىر كىشىنى زىيارەت قىلغاندا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە زىيارەت قىلالامسىز ياكى سىزنى مالامەت قىلىشتىن ئەنسىرەپ زىيارەت قىلالامسىز؟ بۇنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

سىز شەرئى ئىلىم ـ مەرىپەت تەلەپ قىلغاندا، ئۇنى رىزىق ئۈچۈن تەلەپ قىلالامسىز ياكى ئابرۇي ئۈچۈنمۇ ياكى ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلىش ۋە ئىنسانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشقا ھېرىس بولغانلىقتىنمۇ؟ بۇلارنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىسا، ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ، نەتىجىدە رىياخورلۇق ۋە يوشۇرۇن شېرىك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئىشنى قىلماسلىق يا ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ ياكى بىرەر مەخلۇقنى دەپ بولىدۇ.

ياخشى ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى ئۈچۈن ياكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يۈز ئابرۇيغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قاتارىغا كىرمەيدۇ ياكى جەننەتكە كىرىشكە لاياقەتلىك قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ يامان نىيىتى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى رىيا قىلغانلىق، دۇنيانى مەقسەت قىلغانلىق ۋە كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىك سەۋەبىدىن ھېسابقا تارتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «قانداق كىشى ئاللاھنىڭ

رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىدىغان ئىلىم ـ مەرىپەتنى دۇنيالىق بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ئۆگەنگەن بولسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ» دېگەن[446].

ھەزرىتى ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھدىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، <بىر كىشى دۇنيالىق بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلماقچى بولسا، قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: <ئۇ كىشىگە ئەجىر بولمايدۇ>، دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ جاۋابى كىشىلەرگە ئېغىر كەلگەن، ئۇلار ھېلىقى ئادەمگە: سەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ قايتا سوراپ باققىن، بەلكىم چۈشىنەلمەي قالغانسەن، دېگەندە، ئۇ ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلماقچى بولغاندا دۇنيالىق بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ قالسا، قانداق بولىدۇ؟> دەپ تەكرار سورىغان. رەسۇلۇللاھ: <ئۇ كىشىگە ساۋاب بولمايدۇ> دەپ جاۋاب بەرگەن. كىشىلەر يەنە ئۇ ئادەمگە :<قايتا سوراپ باق> دەپ يول كۆرسەتكەندە، ئۇ ئادەم يەنە قايتا سورىغان، رەسۇلۇللاھ يەنىلا ئوخشاش جاۋاب بېرىپ: <ئۇنىڭغا ئەجىر بولمايدۇ> دېگەن»[447].

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزنىڭ بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ قىلىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە رىياخورلۇقنىڭ ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب

[446] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 8438 ـ ھەدىس؛ ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، 3664 ـ ھەدىس.

[447] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، 2516 ـ ھەدىس.

بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار» دېگەن[448]. بۇ ئايەت مال ـ مۈلۈكىنى كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىنىڭ سەدىقىسىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئەجىر بېرىلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇ ئىشنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سەدىقە بېرىپ بولۇپ، بەرگەن كىشىگە سەدىقە بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئەزىيەت بېرىدىغان كىشىگە ئوخشاتقان.

ئىنسانلار ساۋاب ياكى جازاغا، جەننەت ياكى دوزاخقا ئىگە بولالمايدىغان تۇرسا، ئىنسان قانداقمۇ كىشىلەرنى دەپ ئىش ـ ھەرىكەت قىلسۇن؟ ئەگەر سىزگە كىشىلەرنى رازى قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش توغرۇلۇق بىرەر ئوي ـ پىكىر كەلسە بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەسلەپ قويۇڭ. شۇنداق بولغاندا ئەمەل قىلسىڭىز، پەقەت ئاللاھنى ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەيدىغان بولىسىز.

مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى موھتاج، كىمكى مەخلۇقلاردىن ساۋاب تەلەپ قىلسا ۋە ئۇلارنى مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ دەپ ئويلاپ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇۋېتىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار ئۇنىڭغا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ

[448] بەقەر سۈرىسى، 264 ـ ئايەت.

كىشى ئۇلارنىڭ مەدھىيەلىشى ۋە ساۋابىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالسا، خۇددى ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىپ قويغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ مۇنداق قىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى شېرىك قىلىپ قويغان كىشىلەرگە مەنپەئەت بېرەلەيدىغان بولسا، پايدا يەتكۈزۈپ باقسۇن دەپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ قويىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن شېرىكلەردىن بىھاجەت زات، قانداق بىر كىشى بىر ئىشنى قىلىپ، ئۇ ئىشتا باشقىلارنى ماڭا شېرىك قىلىپ قويسا، ئۇ كىشىنى ۋە شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىنى تاشلىۋېتىمەن»[449]. ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەخلۇق مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئولىمۇ قاتتىقتۇر» دېگەن[450].

## كېسەللىك ھالەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى

1. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ناماز، روزا ياكى تەلىم - تەربىيە ئىبادەتلىرىدە شەيتان تەرىپىدىن ئۇيي - پىكىر ياكى ۋەسۋەسە كېلىپ قالىدۇ. شەيتان ئۇلارنىڭ بىرىگە: سەن ئىخلاسمەن ئەمەس، سەن بۇ ئىشنى بىرەر كىشى ئۈچۈن قىلىۋاتىسەن، دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئۇيي - پىكىر كېلىپ قالسا، شەيتان ئىنساننىڭ ئىبادىتىدىكى ئىخلاسىنى بۇزۇۋەتمەكچى بولغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ

[449] مۇسلىم رىۋايىتى، 2985 - ھەدىس.
[450] ھۇد سۈرىسى، 101 - ئايەت.

ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن بولغانلىقتىن، ئۇ ئىشلاردا پايدا يوقلۇقىنى، شۇڭا، ئۇ ئىشنى قىلىپ ئاۋارە بولماسلىقنى خىيال قىلدۇرماقچى بولىدۇ.

بۇنىڭ ھەل قىلىش چارىسى شۇكى، ئىنسان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئىشنى تاشلىماي داۋاملاشتۇرۇپ قىلىۋەرسۇن، نامىزىدا ئىخلاسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شەيتاننىڭ بۇ ئوي - پىكىرلىرىگە ئېتىبار بەرمىسۇن. ئىنسان ئىبادەت قىلىشتىكى سەۋەبىنى ئەسلەش ئارقىلىق بۇ ئوي - پىكىرلەرنى ئاسان يوقىتالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپكى نىيىتىنى ئەسلىسۇن. ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان بولسا، ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىۋاتقان ۋە شەيتان ۋەسۋەسە قىلىۋاتقان نەرسىلەر توغرا نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى شەيتان تەرەپتىن بولۇۋاتقان خىيال قىلدۇرۇش، ئىككىلەندۈرۈش ۋە دىققىتىنى چېچىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. ئەگەر سىزگە سىزنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئىش - ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىڭىز ھەققىدە بىرەر ئوي - پىكىر كەلسە، بۇ ئوي - پىكىرنىڭ ھەقىقىي، راست ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولسىڭىز ۋە كىشىلەرگە ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىزنى بىلدۈرۈشكە مايىللىقىڭىز ھېس قىلغان بولسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئۇلارنىڭ مەدھىيىلىشىنى ھېس قىلغان بولسىڭىز ۋە قەلبىڭىزدە بۇ ئىشلىرىڭىزنى كۆرۈپ خۇرسەنلىك بايقىغان بولسىڭىز، قەلبىڭىزگە رىيا كىرگەن بولىدۇ ۋە قەلبىڭىزدە كىشىلەرگە قاراپ قىلىش ھالىتى پەيدا بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

سىز بۇ ئىش - ھەرىكىتىڭىزدە يۇقىرىدىكىدەك ئىككى خىل خاھىشنى بايقىسىڭىز، تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىڭ. سىز ئۆزىڭىزگە سىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋە سىز ئۇلارنىڭ مەدھىيىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ سىزگە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، سىزدىن زىياننى يوقىتالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەننەت ۋە ياكى دوزاخقا ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئەسلەتسىڭىز كۇپايە. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن خۇرسەن بولۇپ كېتىسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپ قالىسىز؟ سىز پۈتۈن نىيىتىڭىزنى سىزگە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، ساۋاب بېرەلەيدىغان ۋە جەننەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەرەپكە قارىتىڭ. ئۇ زاتنىڭ سىزگە بولغان قارىشىدىن خۇرسەن بولۇڭ، ئۇنىڭ سىزگە بولغان قارىشى بىلەن باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، رىيا ھالىتىدىن ئىخلاس ھالىتىگە قايتقان بولىسىز، نىيىتىڭىزنى توغرىلىغان بولىسىز، قەلبىڭىزگە كىرىپ قالغان شەيتاننىڭ كېسەللىكى ۋە خىياللىرىنى يوقاتقان بولىسىز.

3. شۇنداقلا سىزگە «سېنىڭ ئىشىڭ نېمە دېگەن ياخشى، نېمە دېگەن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىش - ھە!» دەيدىغان ۋەسۋەسە ياكى ئوي - پىكىر كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا شەيتان سىزنى مەغرۇرلاندۇرماقچى ۋە ئەجەبلەندۈرمەكچى بولغان بولىدۇ. شۇڭا، سىز ئىش - ھەرىكىتىڭىز ياخشى بولسا ئاللاھنىڭ پەزلى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىڭ، كۆڭلىڭىزدە پەيدا بولۇۋاتقان ئەجەبلىنىش، مەغرۇرلىنىش، خۇرسەنلىك، ئۆزىڭىز ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭىز بىلەن خۇرسەن بولۇشقا قاراپ يۈرمەڭ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە

رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن) ياخشىدۇر» دېگەن[451]. ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇرسەن بولۇشىمىزغا بۇيرۇغان. ئاللاھ بۇنىڭدىن توسۇپ: «كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ» دېگەن[452]. بۇ سەۋەبتىن، سىز قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىز بىلەن كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، ئۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ۋە پەزلى بولغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولسىڭىز بولىدۇ، ئۇنداق بولغاندا، سىزگە نېمەت ئاتا قىلغان ئاللاھ بىلەن خۇرسەن بولغان بولىسىز.



[451] يۇنۇس سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.
[452] قەسەس سۈرىسى، 76 ـ ئايەت.

## 14. ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش، موھتاجلىقنى نامايەن قىلىش ۋە كەمتەر بولۇش توغرىسىدا

ئەگەر ئىنسان يۈرىكىدە ساغلام قەلبىي ئەھۋاللار بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى كۆرسەتمىلىرىگە ئىشەنسە، ئەمەل قىلسا، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش ھالىتىنى تەلەپكە لايىق رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ.

ئىبادەت ۋە قۇلچىلىق قىلىشقا پەقەتلا ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى، ئىگە بولغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى، ھېچبىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغان زاتنىڭ ئۆزىلا ھەقلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبادەتكە ئۇنىڭدىن باشقىسى ھەقلىق بولالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر» دېگەن[453]. بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان



[453] بەقەر سۈرىسى، 21 - 22 - ئايەتلەر.

ئىشلارنى ئاللاھتىن باشقىسى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، مەسىلە شۇنداق تۇرسا قانداقمۇ ئاللاھ بىلەن بىرگە باشقا بىرىنى باراۋەر قىلغىلى بولسۇن!؟

ئاللاھ يۈزلىگەن ئايەتلەردە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھدۇر، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. ئاللاھ خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھەرقانداق شاپائەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ۋەز - نەسىھەت ئالامسىلەر؟» دېگەن[454]. يەنە: «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر» دېگەن[455]. يەنە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دېگەن[456]. پەقەتلا ئۇ زات پەرۋەردىگار بولغاچقا، ئۇنىڭغىلا يالغۇز ئىبادەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى يالغۇز ئىلاھ قىلىشىمىز ۋاجىب بولىدۇ.



---

[454] يۇنۇس سۈرىسى، 3 - ئايەت.

[455] ئەنئام سۈرىسى، 102 - ئايەت.

[456] زۇخرۇف سۈرىسى، 64 - ئايەت.

ئىبادەت دېگەن ئاشكارا ئىشلار ۋە سۆزلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا بىز قۇلچىلىق دەپ ئاتايدىغان قەلبىي مەنىلەرمۇ تېپىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىقنى ئىپادىلىمەي تۇرۇپ ئاشكارا ئىبادەتلەرنى قىلىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىشى توغرا بولمايدۇ، شۇنداقلا قۇلچىلىقنىڭ مەنىسىنى ئاشكارا ئىبادەت ۋە ئىتائەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىماي تۇرۇپ قەلبىي جەھەتتىن ھېس قىلىپ قويسىلا بولمايدۇ.

شۇڭا ھەرقانداق ئىبادەتكە قەلبتە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش تۇيغۇسى ھەمراھ بولۇشى لازىم. مۇسۇلماننىڭ ئىمانى، يېقىنلىقى ۋە ياخشىلىقى ئاشقانسېرى قۇلچىلىقنىڭ مەنىسىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

بەندىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇشى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن رازى بولۇشى، ئۇنىڭغا كەمتەرلىك قىلىشى، ئۆزىنىڭ موھتاجلىقىنى ئىپادىلىشى، ئۇنىڭغا يېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى، ئۇ زاتنىڭ ئالدىدا بىچارە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشى، ئۇ زاتنىڭ كۈچىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئېھتىياجىنى ھېس قىلىشى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغانلىقىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھقا يالۋۇرۇشى، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە ھىدايەتكە موھتاجلىقىنى ئەسلىشى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغانلىقىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

شۇنداقلا بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ، ئۇ زاتتىن قورقۇشى، پەرۋەردىگارىنىڭ ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ ئۇ زاتنى

ياخشى كۆرۈشى قۇلچىلىق قىلىشنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيگۈ بىلەن قورقۇش بىرلەشمىسە، ئاللاھقا توغرا قۇلچىلىق قىلىش ھالىتى ھاسىل بولمايدۇ، چۈنكى ئىنسان ئۇ زاتقا موھتاجلىقىنى ھېس قىلماي ۋە قورقماي ئىتائەت قىلسا، ئۇ زاتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنغان بولمايدۇ، بەلكى كۆڭلىدە ئۇ زاتقا كىبىرلىك قىلغان بولىدۇ، كىبىرلىك ئىبادەت قىلىشقا زىت كېلىدۇ.

بەندە دېگەن ئىلاھىغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى ئاڭلايدۇ ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇ زاتقا كەمتەر بولىدۇ، بىچارىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ زاتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۈمىد كۈتىدۇ، قورقىدۇ ۋە ئەنسىرەيدۇ.

دېمەك، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ مەزمۇنى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھقا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىدا خۇلاسىلىنىدۇ.

سەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىساڭ، قانداقمۇ ساغلام بەندە بولالايسەن؟ سەن ئاللاھقا بويسۇنماي، بىچارىلىقىڭنى نامايەن قىلماي ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا تىۋىنىپ تۇرماي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىسەن؟ سەن ئۇ زاتنى ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى قانداقمۇ ئۇنىڭ قۇلى دەپ دەۋا قىلالايسەن؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ساڭا نۇرغۇن نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، سېنى ياراتتى، ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت، ھېس تۇيغۇ، قەلب، قۇدرەت، ئەقىل

ئاتا قىلدى، ساڭا ھەممە نەرسىنى يارىتىپ بەردى. سېنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈڭ يا ئۇ زاتنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش ۋە بۇيۇك دەپ بىلىشتىن پەيدا بولىدۇ، ياكى ئۇ زاتنىڭ نېمەتلىرى، ياخشىلىقلىرى ۋە رەھمىتىگە قاراشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ بىزنى ئىبادەتكە بۇيرۇغاندەك، ئىنسان ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ۋە ئەسلەشكە تېگىشلىك بارلىق قۇلچىلىق مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەللەرگە بۇيرۇغان.

### ھەي بەندە، ئاللاھقا تەسلىم بولغىن!

ھەي بەندە، ئاللاھقا بويسۇنغىن، ئۇنىڭ بىرمۇ ھۆكمى ياكى بىرمۇ سۆزىگە قارشى تۇرمىغىن: «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[457].

ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنماسلىق كىبىرلىكنىڭ بىر تۈرىدۇر، بۇنى كۆپلىگەن كىشىلەردە بايقىغىلى بولىدۇ، چۈنكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلى، پىكرى ۋە تەدبىرى ئاللاھنىڭ ئىلمى، ھېكمىتى ۋە تەدبىرىگە تەڭ كېلىدىغاندەك ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقىدۇ، بەلكى تېخى ئۆزىنى ئاللاھتىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلاپ

---

[457] نىسا سۈرىسى، 65 - ئايەت.

قالىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاللاھنىڭ ئېنىق سۆزىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئۇ بۇ ئىشنى ھېچ ئىش سادىر قىلمىغاندەك تۇيغۇدا قىلىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇمىغان، قەدرىنى بىلمىگەن، ئۇ زاتنى ياخشى كۆرمىگەن، ئۇ زاتتىن قورقمىغان ۋە ئۇ زاتقا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئىنساندۇر. ئەسلىدە يېگانە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ئىدى.

شۇڭا، ئىنساننىڭ ئاللاھنى بىلمەسلىكى، ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى، ئۇلۇغلۇقى ۋە گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىنى جايىدا تونۇماسلىقى ئۇ زاتنىڭ قەدرىنى قىلماسلىققا سەۋەب بولماقتا: «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى»[458]. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار قۇلچىلىقتىن چىقىپ كەتكەن، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئىلاھلىقىنى بىلمىگەن، ئۇلارنىڭ سىرتقى پائالىيەتلىرىدە باش تارتىش، ئاسىيلىق قىلىش ۋە كۆپلىگەن ئىتائەتلەرنى قىلماسلىقتەك قەلبىي كېسەللەر كۆرۈنگەن.

شەيتاندىمۇ مۇشۇنداق ھالەت يۈز بەرگەن ئىدى، ئىبلىس ئاللاھقا بويسۇنماي قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانمىدىمۇ؟ بۇ سەۋەبلىك قۇلچىلىق قىلىشتىن كىبىرلىك قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىللىك قىلىپ، شۇنىڭدىن ئىبلىس سىلەرگە <سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار> دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە

[458] ئەنئام سۈرىسى، 91 - ئايەت.

قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا): ‹سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟› دېدى. ئىبلىس: ‹مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ› دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ‹سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن›»[459].

ئىبلىس ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن پەقەت گۇناھكارلا ئەمەس ئىدى، بەلكى تەكەببۇر ۋە مەغرۇر ئىدى. ئەگەر ئاسىيلىق خاتا يۈز بەرگەن ياكى نەپسى خاھىشىنىڭ تەسىرىگە كىرگەن ۋە كەينىدىنلا تەۋبە قىلغان ۋە خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا ئىدى، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىناتتى. بىراق، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ كىبىرلىك پەرۋەردىگارى بىلەن جاۋابلاشقۇدەك ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدىغان باسقۇچقا يېتىپ قالغان ۋە لەنەتكە ھەقلىق بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تەۋبە قىلىش، ئىنائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتى قالمىغان.

بەزى كىشىلەر مىراس ھەققىدە ياكى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ئوخشاش جازالار ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. بەزى ئاياللار ھىجاب ئارتىشقا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئاللاھ مۇشۇ ھۆكمى بىلەن ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان، دېيىشكە جۈرئەت قىلىدۇ، يەنە

[459] ئەئراف سۈرىسى، 11 - 13 - ئايەت.

بەزىلىرى مەلۇم شارائىتلار تۈپەيلىدىن بىرقانچە ئاياللىق بولۇشقا ئېھتىياج بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئېھتىياج گۇناھ قاتارىغا كىرمەيدۇ، بەلكى كۆپۈرلۈققا كىرىپ كېتىدۇ، چۈنكى بۇ ئېھتىياج ئاللاھنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىنساننىڭ سۆزىگە ئوخشاش دەتالاش قىلغىلى بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشاش خاتالىققا ئۇچرايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار گەرچە ناماز ئوقۇسىمۇ ياكى روزا تۇتسىمۇ بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن قۇلچىلىقتىن چىقىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە زادىلا قۇلچىلىقنىڭ مەنىسى يوق ھەمدە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىنى بىلىش ۋە قەدرىنى قىلىش ئۈچۈن ئىتائەت يوللىرىغا ماڭمىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاشكارا قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ قىممىتى يوقتۇر.



## ھەي بەندە، ئىتائەت قىلغىن!

ھەي بەندە، پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىلغىن، ئۇنىڭ بىرمۇ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمىغىن، ئۇنىڭ چەكلىگەن بىرمۇ ئىشىغا قارشى چىقىش خىيالىدا بولمىغىن. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىپ ۋە تەستىقلاپ قويۇپ، ئاندىن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭدە قارشى ئىش قىلمىغىن، چۈنكى ھەقىقىي قۇلچىلىق دېگەن ئېتىقاد ۋە سۆزنى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن تەستىقلاشتۇر.

بىرمۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا سەل قارىشى توغرا

بولمايدۇ، چۈنكى ئىتائەت قىلىشقا سەل قارىغانلىق ئىبادەت قىلىشقا سەل قارىغانلىقتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ» دېگەن[460].

بىزنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىمىزنىڭ ئۆزىلا قۇللۇق ئىتائىتىدۇر، باشقىلارغا قىلغان ئىتائىتىمىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ بىزنى پەيغەمبەرلەر، ئالىملار ۋە ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بىز ئاللاھ بۇيرۇغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا ئىتائەت قىلىمىز، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش بىزنىڭ ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا كەمتەرلىك قىلىشىمىز ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن بولمايدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئىتائىتىمىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقتىن ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلغانلىقتىن بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرلەر قەۋمىدىن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ ھەم تەلەپ قىلىش ھەققىمۇ يوق. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن

[460] نىسا سۈرىسى، -172 ئايەت.

كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟» دېگەن[461].

ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ھالدا ئاللاھتىن باشقىغا ئىتائەت قىلغان بولسا، قۇلچىلىقنى ئاللاھتىن باشقىسىغا قىلغان بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۆمىنلەر) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر» دېگەن[462].

ئەدى ئىبنى ھاتەم رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم، مېنىڭ بوينۇمدا ئالتۇندىن ياسالغان كرېست بەلگىسى ئېسىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹ئەدى، بۇ بۇتنى تاشلىۋەتكىن› دېگەن. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋبە سۈرىسىدىكى: «ئۇلار (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) دىنىي باشلىقلىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى›[463] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن رەسۇلۇللاھقا: ‹ئۇلار راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلمايدىغۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ‹بىراق ئۇلار ھارام نەرسىنى ھالال قىلىپ بەرسە ھالال دەپ يەيدۇ، ھالال نەرسىنى ھارام قىلىپ بەرسە ھارام قىلىپ قويىدۇ. مانا مۇشۇ

[461] ئال ئىمران سۈرىسى، 80 - ئايەت.
[462] ئەنئام سۈرىسى، -121 ئايەت.
[463] تەۋبە سۈرىسى، 31 - ئايەت.

ئىبادەت قىلغانلىق سانىلىدۇ> دېگەن»[464].

## ھەي بەندە، ئاللاھقا بىچارىلىقىڭنى نامايەن قىلىپ تۇرغىن

ھەممىدىن ئۇلۇغ، بۈيۈك، ئۈستۈن ۋە غالىب ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ بىچارىلىق ۋە ئاجىزلىقىڭنى ھېس قىلغىن، ئۆزۈڭنىڭ بىچارە ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن. ئازابقا قالمىسا بىچارىلىكنى بىلمەيدىغان ياكى ئاخىرەتتىن باشقا ۋاقىتتا بىچارىلىكنى ھېس قىلمايدىغان كىشىلەردەك بولۇپ قالمىغىن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى» دېگەن[465]، چۈنكى ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇشىنى ۋە بىچارىلىقىنى ئىپادىلىشىنى ئىرادە قىلىدۇ. بەزىدە سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ بىچارە ئىكەنلىكىنى تونۇغان ھالدا ئاللاھ تەرەپكە قايتىشىڭىز ئۈچۈن مۇسىبەت كېلىشى مۇمكىن.

سىز ئاللاھنىڭ ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى، ئىززەت-شەرەپكە ئۇ زاتنىڭ ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىڭ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر»[466]. يەنە: «كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ،



---

[464] بەيھەقى رىۋايىتى، -116 ھەدىس.
[465] مۆمىنۇن سۈرىسى، 76 - ئايەت.
[466] نىسا سۈرىسى، 139 - ئايەت.

ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، (پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە - مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ» دېگەن[467].

رەسۇلۇللاھ پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىنى مىسكىنلەرنىڭ قاتارىدا قىلىشنى تىلىگەن: «ئى ئاللاھ، مېنى مىسكىنلەرنىڭ قاتارىدا ياشاتسىلا، مېنىڭ جېنىمنى مىسكىن ھالەتتە ئالسىلا ۋە مېنى قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا مىسكىنلەرنىڭ قاتارىدا توپلىسىلا، دەپ دۇئا قىلغان»[468]. بۇ ھەدىستىكى مىسكىنلىكتىن مەقسەت كەمبەغەللىك ۋە كىشىلەرگە موھتاج بولۇپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا كەمبەغەل، موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ۋە بەندىلەرگە چوڭچىلىق قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

ئاللاھ، بەندىسىنى بىچارىلىقنى ئىپادىلەش مىقدارىغا قاراپ ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرگە بەدرى جېڭىدە ياردەم بەرگەندە ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى «بىچارىلىق» بىلەن سۈپەتلىگەن: «ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىرىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[469].

ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئۆزىگە بىچارىلىقنى نامايەن قىلغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنى ئىززەتلەيدۇ، ئۇنى دىنى

[467] فاتىر سۈرىسى، 10 - ئايەت.

[468] تىرمىزى رىۋايىتى، 2352 - ھەدىس.

[469] ئال ئىمران سۈرىسى، 123 - ئايەت.

ئارقىلىق ئەزىز قىلىدۇ ۋە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ: «لېكىن مۇناپىقلار (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): <مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي ۋە مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۆمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ> دېيىشىدۇ. غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ»[470].

مۆمىن كىشى مۆمىن قېرىندىشىغا چوڭچىلىق قىلمايدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»[471].

ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئۆزىگە بىچارىلىق ۋە خارلىقنى نامايەن قىلغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، جىنايەتچىلەر خار بولىدىغان ئاخىرەتتىمۇ ئەزىز قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ياخشى ئىش



[470] مۇنافىقۇن سۈرىسى، 7 - 8 - ئايەتلەر.

[471] مائىدە سۈرىسى، 54 - ئايەت.

قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. (دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار، (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» دېگەن[472].

## ھەي بەندە: ئاللاھقا موھتاج بولغىن

ھەي بەندە، سەن ئۆزۈڭنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر»[473]. ھەر قېتىم بىر نەرسىگە ئېھتىياجىڭ چۈشسە، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى دائىرىسىدە ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلىگىن: «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)»[474]. سەن

---

[472] يۇنۇس سۈرىسى، 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

[473] فاتىر سۈرىسى، 15 ـ ئايەت.

[474] تەكۋىر سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن: «بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) چەكلەنمەيدۇ»[475]. سەن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز-نەسىھەت ئالىسىلەر»[476]. سەن قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ، سۆزۈڭ، تەپەككۇر قىلىشىڭ، قەلبىڭنىڭ سوقۇشى، ھەرىكەتلىرىڭ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ۋە مەۋجۇتلۇقۇڭدا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىسەن.



سەن ھەر بىر لەھزىدە كەمبەغەل ۋە موھتاج بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا موھتاج بولىدىغانلىقىڭنى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرىدىغانلىقىڭنى ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلمىغىن.

## ھەي بەندە، ئاجىزلىقىڭنى بىلگىن

ئاجىزلىقىڭنى ھېس قىلغىن، سېنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە تايانماي ھېچقانداق بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىڭنى ئەسلىگىن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ يەنە ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، ئاللاھ (ئۇنىڭ سىلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى) تولۇق بىلگەن بىر غەنىيمەت (يەنى مەككىنىڭ

[475] ئىسرا سۈرىسى، 20 - ئايەت.
[476] نەمل سۈرىسى، 62 - ئايەت.

پەتھى قىلىنىشى) نى (سىلەرگە مۇيەسسەر قىلدى). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دېگەن[477]. يەنە: «بۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، (ئاللاھنىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن (ئاللاھ شۇ سۆزنى قىلدى)» دېگەن[478]. يەنى ئۇلار قىلالىغان ھەر بىر ئىشلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى، ياخشىلىقلىرى ۋە مەدەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلسۇن: «ئاللاھ سىلەرنى ۋە سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ياراتتى»[479].

### ھەي بەندە، ئاجىزلىقىڭنى ئەسلىگىن

ھەي بەندە ھەر ھالىتىڭدە ئۆزۈڭنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىڭنى، ئۆزۈڭنىڭ ئاللاھنىڭ كۈچى ۋە ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن: «زالىملار(قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)»[480].

سەن پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھ ئارقىلىقلا بو- لىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن، شۇڭا كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭنى ئاللاھتىن

[477] پەتىھ سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[478] ھەدىد سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.
[479] سافات سۈرىسى، 96 ـ ئايەت.
[480] بەقەر سۈرىسى، ـ165 ئايەت.

ئالغىن. ھەر بىر نەرسىگە تەسىر كۆرستىشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلگىن، كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆزۈڭگە ياكى بىرەر بەندىگە نىسبەت بېرىپ قويمىغىن.

رەسۇلۇللاھ ھەر بىر مىزنىڭ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى ئەسلەشكە تەشەببۇس قىلىپ: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇلار ئاجىز ۋە بىچارىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسىمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىنى دەپ بېرەي، ئۇلار قوپال، ماختانچاق ۋە مۇتەكەببىر كىشىلەردۇر» دېگەن[481].

ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى ۋە ئۆزىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقنى ھېس قىلىشى، ئىنسانىنىڭ ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ياكى ئاجىزلىقنى باھانە قىلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ ۋە ئاللاھ قۇدرەت ئاتا قىلغان ئىشلاردا كەمچىلىك قىلىشنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن توسۇپ: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىنگە قارىغاندا ئاللاھقا بەكرەك سۆيۈملۈك بولىدۇ، ھەر بىر مۆمىندە ياخشىلىق بولىدۇ، سەن پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگىن، ئاللاھتىن مەدەت تىلىگىن، ئاجىزلىقنى باھانە قىلمىغىن» دېگەن[482].

### ھەي بەندە، بىلمىسىزلىكىڭنى بىلگىن

ھەي ئىنسان، سەن كۆپ نەرسە بىلىپ كەتتىم، دەپ ئويلاپ قالمىغىن. سېنىڭ ئىلمىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ

[481] بۇخارى رىۋايىتى، 4634 - ھەدىس.

[482] مۇسلىم رىۋايىتى، 2664 - ھەدىس.

يېنىدا ھېچنەرسىگە توغرا كەلمەيدۇ، سەن ئاللاھ ساڭا ئاتا قىلغان ئىلىمنىڭ بىلەن مەغرۇرلانمىغىن، شۇڭا كەمتەر بولغىن، ئاللاھنىڭ ئىلمىگە موھتاجلىقىڭنى ھېس قىلىپ تۇرغىن، چۈنكى سەن ئاللاھ بىلدۈرمىسە بىر نەرسە بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسسەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن[483]. سەن ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان پەزلىنى بىلگىن، سەندە بار ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان پەزلىدۇر، ئۇنىڭ ھىدايىتىدۇر ۋە ساڭا بىلدۈرگەن نەرسىدۇر.

سېنىڭ ئىلمىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئازغىنا ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت: «سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن»[484]. خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر قۇچقاچنىڭ دېڭىزدىن سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: مېنىڭ ۋە سېنىڭ ئىلمىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ يېنىدا مۇشۇ قۇچقاچ دېڭىزدىن سۇ ئىچكەنچىلىك مىقداردا» دېگەن[485]. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىككى پەيغەمبىرىنىڭ ئىلمىدۇر، سېنىڭ پۈتۈن بىلىم - مەرىپىتىڭ ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئىلىم - مەرىپىتىگە سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك؟ شۇڭا، سەن قانچىلىك بىر نەرسە بىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر

[483] بەقەرە سۈرىسى، 255 - ئايەت.

[484] ئىسرا سۈرىسى، 85 - ئايەت.

[485] بۇخارى رىۋايىتى، 4448 - ھەدىس.

دائىم ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەنگىن ۋە ئىلىم ـ مەرىپىتىڭدە ئاللاھقا كەمتەرلىك قىلغىن.

سەن ئىلمىڭ ئارقىلىق ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلمىغىن، سەن «ئاللاھتىنمۇ ياخشى ھۆكۈم چىقىرالايمەن» دېگەن گۇمان بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنى بۇرمىلىمىغىن.

**ھەي بەندە، كەمتەر بولغىن**

ئىنسان بەزىدە ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرگە قارىتا كەمتەر بولۇش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشتا بىر ئاز قىيىنىلىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ئاللاھ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قىينالمايدۇ، چۈنكى ئىنسان ئاللاھقا سېلىشتۇرغاندا خاراكتېر ۋە دەرىجىدە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. بەندىنىڭ دەرىجىسى قۇللۇق قىلىش دەرىجىسى بولۇپ، ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ دەرىجىسىگە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ ھەم سېلىشتۇرۇلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئۆزۈڭنى بىلگىن، ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگىن، چوڭچىلىق قىلمىغىن، ئۆزۈڭ بىلەن مەغرۇرلانمىغىن، پەخىرلەنمىگىن، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە قارىتا تەكەببۇرلۇق، ئەجەبلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسىدا بولمىغىن، چۈنكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە كەمتەرلىك تېپىلمىسا، ئىمان ياكى قۇلچىلىق ھاسىل بولمايدۇ.

بىردىنبىر بۈيۈك ۋە ئۈستۈن زات ئاللاھدۇر، كىبىر ۋە چوڭچىلىق قىلىش پەقەتلا ئۇ زاتقا يارىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى

بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر» دېگەن[486]. يەنە: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[487]. يەنە: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر» دېگەن[488].

ھەدىس قۇدۇسىدا ئاللاھ: «كىبىر ۋە ئۇلۇغلۇق ماڭا خاستۇر، كىم مەندىن بۇنىڭ بىرىنى تالىشىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا تاشلايمەن» دېگەن[489]. رەسۇلۇللاھ: «قانداق كىشىنىڭ قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر تېپىلسا، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن[490]. ئىنسان بۇ كىبىر بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كىبىر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە، كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىگە قىلىنغان كىبىرلىكتۇر، بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئىماننى بۇزۇپ تاشلايدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەمما مۆمىنلەرگە كىبىرلىك

[486] رەئد سۈرىسى، 9 - ئايەت.

[487] جاسىيە سۈرىسى، 37 - ئايەت.

[488] ھەشر سۈرىسى، 23 - ئايەت.

[489] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 9348 - ھەدىس؛ ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، 3623 - ھەدىس.

[490] مۇسلىم رىۋايىتى، 91 - ھەدىس.

قىلىش قەلبكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ گۇناھتۇر، ئۇ گۇناھ، سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك گۇناھلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ئېتىبارى بىلەن كەمتەرلىك قىلىشى ئىمانىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەمتەرلىك قىلماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە كاپىر بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۇنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ئۇلۇغلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇلار ئەلچىگە- ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن (يەنى ھەر تۈرلۈك چەكلىمە ۋە قىيىنچىلىقلاردىن) بوشىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختتە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[491].

---

[491] ئەئراف سۈرىسى، 157 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە ئاۋازىنى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىش ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭچىلىق قىلىش ۋە كىبىر قىلىش نېمىلەرگە سەۋەب بولۇپ كېتەر؟. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن[492].

قۇرئان كەرىمگە كەمتەرلىك قىلماسلىق ئۇ كىتابنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە چوڭچىلىق قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيي قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۆشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: <سىلەر

[492] ھۇجۇرات سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.

جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى بۆھتان قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر› دەيدۇ»[493]. ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۇلارنى خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى قوبۇل قىلىشتا تەۋۋەن تۇرماي، چوڭچىلىق قىلغان كىشىلەر ئىدى.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا چوڭچىلىق قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۆزگە ئىلمىسا، بۇمۇ كۇپۇرلۇقنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا كاپىرلارنى ئۇلۇغ بىلسە ۋە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقىنى ئىسلامنىڭ ئالدىغا قويسا كۇپۇرلۇق بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن[494]. يەنە: «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: ‹بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر› دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر؛ ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان)

[493] ئەنئام سۈرىسى، 93 - ئايەت.
[494] مائىدە سۈرىسى، 51 - ئايەت.

ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن» دېگەن[495].

ئاللاھ كەمتەرلىك قىلغان كىشىنىڭ قەدرىنى كۆتۈرىدىغانلىقى ۋە ئەزىز قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «كىم ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەن[496].

## ھەي بەندە، سۆيگۈ - مۇھەببەتلىك بولغىن

ھەي بەندە سۆيگۈ - مۇھەببەتكە دىققەت قىلغىن، ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭنى كۈچەيتكىن، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە گۈزەللىكىنى ئەسلىگىن، چۈنكى ئاللاھنى يامان كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ئىبادەت سانالمايدۇ. ئەگەر بىر دادا بالىسىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، بىراق بالىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئىتائەت قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ئىش دادىسىنى رازى قىلارمۇ؟ بالىسىنىڭ بۇ شەكىلدە ئىتائەت قىلىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىغا ۋە بۇ قىلمىشنى ئاتا - ئانىنى قاقشاتقانلىق دەپ قارايدىغانلىقىغا قارىمامسەن؟. ئاللاھ ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن سۆيۈلۈشكە ھەقلىق زاتتۇر: «مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر»[497].

---

[495] نىسا سۈرىسى، 50 - 51 - ئايەتلەر.

[496] مۇسلىم رىۋايىتى، 2588 - ھەدىس.

[497] بەقەر سۈرىسى، 165 - ئايەت.

ئىنساننىڭ ئائىلىسى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى ئۇلارنى ئەسلەشكە ۋە ئۇلار يوق چاغدا ئۇلارنى سېغىنىشقا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى سۆيۈش، ئۇنىڭ پەزلىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا موھتاج بولۇش يۈزىسىدىن ئۇنى ئەسلىشىمىزگە ۋە ئۇنى سېغىنىشىمىزغا بەكرەك ھەقلىقتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھنى ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەنىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار» دېگەن[498].

ئەگەر ئىنسان ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، قەلبىنىڭ بارلىق كېسەللىرىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ، چۈنكى قەلب كېسەللىرىنىڭ خۇلاسىسى ئىنساننىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن چىقىپ كەتكەنلىكىدە نامايەن بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئەخلاقىغا ۋە قەلبىنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ چىقسا ۋە بۇلارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىسە، ئۆزىدىكى كېسەلنىڭ مەنبەسىنى بىلەلەيدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتە توختاپ قېلىشىغا رازى بولمايدۇ، بەلكى ئىبادەت ۋە قۇلچىلىقنىڭ يۇقىرى چېكىگە ۋە ئەڭ ياخشىسىغا ئىنتىلىدۇ. ئېھسان (ئەڭ ياخشىسى)غا يۈكسىلىشنىڭ ئاسان چارىسى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.



---

[498] بەقەر سۈرىسى، 200 ـ ئايەت.

# 15. ئاللاھنى نارازەت قىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا

بەندە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە توغرا يولدا ماڭسا، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا دىققەت قىلىپ، ئاللاھ نېمە ئىشلارغا بۇيرۇۋاتىدۇ؟، نېمە ئىشلاردىن توسۇۋاتىدۇ؟، ئاللاھ مەندىن نېمىنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سوراپ تۇرسا، ئۇ چاغدا ياخشى بەندە بولالايدۇ. بىراق بۇلار ئېھسان (ھەممە ئىشنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە قىلىش) دەرىجىسىنى رېئاللىققا چىقىرىشقا يەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەيدىغان سەۋىيىگە كېلىشى لازىم ياكى ئۇنىڭ ئەھۋالى ئاللاھقا بەك يېقىنلىقتىن خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشى لازىم.

ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە نارازەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە، قانداقمۇ ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى، ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى ۋە نارازەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماي قالسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان توغرىسىدا: «سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ـ ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ـ ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ ئېھساندۇر»

دېگەن[499]. ئېھسان دېگەن ئىككى ئامىلدىن شەكىللىنىدۇ. بىرىنچىسى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئەگەر سەن دائىم ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭ، سېنىڭ ھاياتىڭدىكى ھەر بىر نەرسە ئىبادەت ۋە قۇلچىلىقتا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا دۇنيا ئىشلىرى ۋە مۇباھ شەھۋەت ئىشلىرىمۇ ياخشى نىيەت ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسى، سەن ئىبادەت قىلغاندا ئىلاھىڭغا دىققەت بىلەن ئىبادەت قىلىسەن، خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىسەن. ئەگەر سەن بۇنى خىيال قىلالمىساڭمۇ، ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن، بۇ ئىشنى خىيالىڭدىن قاچۇرمىغىن. مۇشۇ ھالەت سەندە داۋاملاشسا، ئاندىن مۇھسىن بولالايسەن (ئېھسان دەرىجىسىگە يەتكەن بولىسەن).

ئەگەر بەندە ناماز، روزا، ھەج، زىكىر ۋە باشقا بىر ئىبادەتتە بولسا، پەرۋەردىگارىنىڭ كۆرۈپ ۋە ھازىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئەگەر يېمەك ـ ئىچمەك، سودا ـ سېتىق ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش دۇنيالىق ئىشلىرىدا بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمان مۇشۇ سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنىدۇ، چېنىقىدۇ، بۇ تۇيغۇ كۈچىيىپ، ئادەت ۋە خاراكتېرگە ئايلانغا قەدەر قايتا ـ قايتا سىناپ كۆچ چىقىرىدۇ.

مىسال قىلىپ باقايلى، بىر كىشى بىر ئورۇندا خىزمەت

---

[499] بۇخارى رىۋايىتى، 50 ـ ھەدىس.

قىلىدىغان بولسا، مۇدىر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئۇنى كۆزەتكۈچىگە دىققەت قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، ئۇنىڭ كۆزەتكۈچىگە دىققەت قىلىشى ئىش ـ ھەرىكىتىدىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ پۇختا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يەنە بىر مىسال: پادىشاھ بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان كىشىگە قاراپ باقايلى، ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، سۆزلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى گۈزەل شەكىلدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھقا بولغان دىققىتى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشى ئەدەبلىك بولۇش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، بەلكى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە سۆزلەرنى گۈزەل قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

يەنە بىر مىسال: بىر كىشى كامىرانىڭ ئۆزىنى سۈرەتكە تارتىۋاتقانلىقىنى ياكى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلسە، بۇ ھالەت ئۇنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىش قىلىشىغا ۋە قەبىھ قىلمىشلاردىن ساقلىنىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشى سىزنىڭچە قانداق تۇيغۇدا ئىش ـ ھەرىكەت قىلار! شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركەزلەشتۈرۈشكە ئاللاھ ھەممىدىن ھەقلىقتۇر. رازىلىقىنى دەپ ئىشلىرىمىزنى،

سۆزلىرىمىزنى ۋە ئوي ـ خىياللىرىمىزنى ياخشى قىلىشقا ئۇ زات ھەممىدىن ھەقلىقتۇر.

مەزكۇر ھەدىس «ئېھسان» سۆزى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىدى، چۈنكى «ئېھسان» سۆزى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك سۆز بولۇپ، ئىزاھلاشقا موھتاج بولمايدۇ. «ئېھسان» دېگەن پىكىر، سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، ئىبادەت، مۇئامىلە ئىشلىرى، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ھاياتتىكى بارلىق ئىشلاردا ئەڭ ياخشىسىنى قىلىش ۋە ئەڭ پۇختا شەكىلدە قىلىش، دېگەن بولىدۇ.

مەزكۇر ھەدىس ئېھساننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت ۋاستىنى بايان قىلىپ بەرگەن، يەنى بەندە ئۆزىنى ئۆزى نازارەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئىنساننىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسە، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھايا قىلىشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان ئاللاھقا بولغان ئىبادىتىنى ياخشى قىلىدۇ ۋە ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلىدۇ، ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ، خىجىل بولىدۇ، ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرىدۇ ۋە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ.

ئەگەر بىرىمىزنى كىشىلەر كۆرۈپ تۇرغان بولسا، كىشىلەر يامان كۆرىدىغان ۋە قەبىھ سانايدىغان ئىشنى قىلىشتىن

ئەيمىنىدۇ، كىچىك بالا كۆرۈپ قالسىمۇ بەزى ئىشلىرىدا خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. ئاللاھ بىزنى دائىم كۆرۈپ، بىزنى ئاڭلاپ، ئىشلىرىمىزنى خاتىرلەپ، بىزنى كۆزىتىپ ۋە بىزنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىمىزدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن كامىراغا ئېلىپ تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئاللاھتىن خىجىل بولماي ۋە ھايا قىلماي تۇرالايمىز. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى ئەمەل دەپتەرلىرىمىز) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)» دېگەن[500]. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھايا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق زاتتۇر» دېگەن[501].

دېمەك، «سېنىڭ ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ ئېھساندۇر» دېگەن ھەدىس ئىنساننى ئېھسان دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان ۋاستىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ ھەققىدە دىققەتتە بولۇش ۋە ئۇنىڭ نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش باسقۇچىدۇر.

بىز نەدىلا بولايلى، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدۇ: «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[502]. بىز خالىي ياكى ئاشكارا ھالىتىمىزدە، ئۆيىمىزدە ياكى ئىشلىرىمىزنى قىلىۋاتقان بولايلى، ئىتائەت قىلغان ياكى ئاسىيلىق قىلغان ھالىتىمىزدە بولسۇن، ئاللاھ ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىلدە بىز

[500] جاسىيە سۈرىسى، 29 - ئايەت.

[501] تىرمىزى رىۋايىتى، 2794 - ھەدىس.

[502] ھەدىت سۈرىسى، 4 - ئايەت.

بىلەن بىرگە بولىدىكەن. شۇڭا، ئۇ زاتقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاگاھ بولۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قورقۇشىمىز لازىم. رەسۇلۇللاھ: «نەدىلا بولمىغىن ئاللاھتىن قورققىن، يامان ئىشلاردىن كېيىن ياخشى ئىشلارنى قىلساڭ، يامانلىقنىڭ تەسىرىنى يوقىتىسەن، كىشىلەرگە گۈزەل مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەن[503].

ئاللاھ بىزنى ئېھسان ماقامىنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇپ: «ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن[504]. يەنە: «سىلەر سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېگەن[505]. ئېھسانغا يېتىش ئۈچۈن يوللۇق بولغان ھەرقانداق بىر ۋاستىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىق تۇيغۇسىغا يەتكۈزىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى رەسۇلۇللاھ بىزگە ئۆگىتىپ قويغان ۋاستىدۇر. رەسۇلۇللاھ بىزگە: «سەن ئائىلەڭدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك كىشىدىن ھايا قىلغاندەك ئاللاھتىن ھايا قىلغىن» دېگەن[506]. ئاللاھنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھتىن ھايا قىلالمايدىغان كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەيىب بولىدىغان بىر ئىشنى قىلىشتىن ھايا قىلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ باقسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىشى ھېچبولمىغاندا ئاللاھقا

[503] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 21392 - ھەدىس؛ تىرمىزى رىۋايىتى، 1987 - ھەدىس.

[504] ئال ئىمران سۈرىسى، 134 - ئايەت.

[505] زۇمەر سۈرىسى، 55 - ئايەت.

[506] بەززار رىۋايىتى، 2642 - ھەدىس. ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس.

ئاشۇ كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغانـدەك ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىسۇن. ھەقىقىي ھۆرمەت كۆرسىتىشكە تېگىشلىك زات ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمىسۇن.

سەن ئۆزۈڭنى داداڭ ياكى بوۋاڭ ياكى ئۇستازىڭ ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر كىشى ياكى بىرەر پادىشاھ ياكى بىرەر ۋەزىر ياكى بىرەر ساقچى بىلەن خىيال قىلىپ باققىن. ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغانـدا ئەدەبلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق ياسالمىلىق قىلىپ كېتەرسەن، ئۇلار كۆرۈپ تۇرغان ئەھۋالدا قەبىھ ئىشلىرىڭدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ھايا قىلارسەن!

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرسە ئىدى، قانچىلىك ئىخلاس ۋە سەمىمىيلىك ئىچىدە ناماز ئوقۇغان بولاتتىڭ. ئاللاھ ھايا قىلىنىشقا ھەممىدىن بەكرەك لايىق زاتتۇر.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ ئائىلەڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارغا قانچىلىك كەمتەر ۋە ئەدەبلىك بولۇپ كېتەر ئىدىڭ. ئائىلەڭگە قارىغاندا ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئاللاھ ھەممىدىن ھەقلىقتۇر.

سەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ ناماز ۋە ئىبادىتىڭنى قانداق ئادا قىلىۋاتقانلىقىڭغا قاراپ باققىن، كۆڭلۈڭ سېنى گۇناھقا چاقىرغانـدا قانـداق قىلىدىغانلىقىڭغا قارىغىن، ئىشلىرىڭنى قانداق پۇختا قىلىدىغانلىقىڭغا قارىغىن، ئائىلەڭ ۋە باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىڭغا قارىغىن،

ئاچچىقلاپ قالغىنىڭدا قانداق بولىدىغانلىقىڭغا قارىغىن.

ھەرقانداق كىشى ئۆي - پىكرىنى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن مەشغۇل قىلسا ۋە ئۇ زاتنى ھەر زامان ئەسلەپ تۇرسا، ئاللاھ ئۇنى قوغدايدۇ ۋە بارلىق ئېھتىياجلىرىدا ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇپ ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللا) ھەمراھىغا: <غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە> دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، ئۇ ئاللاھ كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن[507].

شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئاللاھ بىلەن بىرگە بولغانلىق تۇيغۇسى بىلەن غەم - قايغۇ قىلىشتىن توختىدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك، ئامانلىق ئاتا قىلدى ۋە ئىلاھىي ئەسكەرلەر بىلەن ياردەم قىلدى: «ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر - بىرىنى كۆرۈپ

[507] تەۋبە سۈرىسى، 40 - ئايەت.

تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: ‹ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى› دېدى. مۇسا ئېيتتى: ‹ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ›. بىز مۇساغا: ‹ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن› دەپ ۋەھيي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گورۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق). مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق»[508].

رەسۇلۇللاھ: «سەن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھنى ئېسىڭدە تۇتساڭ، ئاللاھ سېنى ئېسىدە تۇتىدۇ. سەن ئاللاھنى ئېسىڭدە تۇتساڭ، ئاللاھ ھەر دائىم سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن[509].



[508] شۇئەرا سۈرىسى، 61 - 66 - ئايەتلەر.

[509] تىرمىزى رىۋايىتى، 2516 - ھەدىس.

# خاتىمە

## ساغلام قەلب ساغلام سۈپەتلەرگە ئىگە بولغاندا ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلار

قەلب پاك ۋە ساپ بولسا، ئۇنىڭدىن شەك ـ شۈبھىلەر، باغرىتاشلىقلار ۋە غاپىللىقلار يوقالسا، ئۇ قەلب پەردىسى ئېچىلىپ كەتكەن كۆزدەك ۋە گاسلىقى يوقالغان قۇلاقتەك بولىدۇ. ئىنسان بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەلبىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بايقىيالايدۇ ھەمدە ساپلىق ۋە ساغلاملىق مېۋىلىرىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇ خۇددى بۇرۇن قەلبى يوق، ئەمدىلەتىن يېڭى قەلبكە ئېرىشكەندەك تۇيغۇدا بولىدۇ: «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار»[510].

بۇ ھالدا مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە قارىتا تۇيغۇسى، قەلبىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر، ئەھۋاللار ۋە ئۆزگىرىشلەر ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىگە بولغان ۋە قەلبىنى ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسىلەرگە قارىتا دىققىتى چوڭىيىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرىدە سىرتقى دۇنياسىنىڭ ياخشى بولۇشىغا دىققەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ نەتىجىسىدە، يېڭىدىن باشلىغان كىشىدە زىكىر

---

[510] قاف سۈرىسى، 37 ـ ئايەت.

ئېتىقادىدا ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى، ھەر قېتىم قۇرئان ئوقۇغاندا ئىمانى ۋە ئىلىم- مەرىپىتىنىڭ يۈكسىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر» دېگەن[511]، چۈنكى قەلب ئاللاھنى ئەسلىگەندە قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەدەن ۋە تېرە ئاللاھتىن قاتتىق قورققان ۋە ئەيمەنگەنلىكىدىن تىترەشكە باشلايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز - نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)» دېگەن[512].

دېمەك، ئىنسانىنىڭ تېرىسى قەلبىنىڭ قورقۇش تەسىرىدىن تىترەيدۇ، ئاندىن قۇرئان نۇرلىرى بىلەن تويۇنغاندىن كېيىن قەلبي قۇرئان ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرى ئۈچۈن يۇمشايدۇ.



---

[511] ئەنفال سۈرىسى، 2 - ئايەت.

[512] زۇمەر سۈرىسى، 23 - ئايەت.

## ئۇيقۇ ۋە چۈش

يېڭىدىن باشلىغان كىشىلەردە ئۇيقۇدىكى چۈشلەرنىڭ كۆپ بولۇشى قەلبىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ياخشىلىقى ئاشقانسېرى چۈشلىرىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ياخشىلىنىۋاتقانلىقى، گۈزەللىشىۋاتقانلىقى ۋە پايدىلىق تەرەپتە بولۇۋاتقانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. بۇ ئومۇمىي قائىدە ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن چۈش كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى ياخشى ئادەم ئەمەس دېسە توغرا بولمايدۇ. شۇنداقلا ياخشى چۈشنىڭ كۆرۈلۈشى چۈش كۆرگۈچىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى كاپىرمۇ بەزىدە ئاللاھ تەرەپتىن بولىدىغان ياخشى چۈش كۆرۈشى مۇمكىن.

بىراق ئىنساننىڭ ياخشىلىقى بىلەن چۈشنىڭ كۆپ بولۇشى ئارىلىقىدا باغلىنىشنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى چۈشى راست كىشى راست سۆزلەيدىغان كىشىدۇر» دېگەن[513].

رەسۇلۇللاھ بىزگە چۈشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە يامان بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەلىم بەرگەن، ياخشى چۈش ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ، يامان چۈش شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىزگە يامان چۈش كۆرۈپ قالغىنىمىزدا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگەتكەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ. قانداق كىشى بىر چۈش

[513] مۇسلىم رىۋايىتى، 2263 - ھەدىس.

كـۆرۈپ ئۇنـى ياقتۇرمىغـان بولسا، سـول تەرىپىگە ئـۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىـپ، ئاللاھقـا سـېغىنىپ شـەيتاننىڭ يامانلىقىدىـن ئامانلىـق تىلىسە، ئـۇ چاغـدا شـەيتان زىيـان يەتكۈزەلمەيـدۇ. لېكىـن ئـۇ كىشـى يامـان چۈشـنى ھېچكىمگە دېمىسۇن. ئەگـەر بىـر كىشـى ياخشـى چـۈش كۆرگـەن بولسا، ئـۇ چۈشـى ئارقىلىق خۇرسـەن بولسـۇن ھەمـدە ياخشـى كۆرىدىغـان كىشـىلەردىن باشقىسـىغا خـەۋەر قىلمىسـۇن» دېگـەن[514].

بۇخارىنىـڭ رىۋايىتىـدە رەسـۇلۇللاھ: «ياخشـى چـۈش ئاللاھ تەرەپتىـن بولىـدۇ، يامـان چـۈش شـەيتان تەرەپتىـن بولىـدۇ. ئەگـەر سـىلەرنىڭ بىرىڭلار يامان چـۈش كـۆرۈپ قالسـا، سـول تەرىپىگـە تۈكۈرۈۋەتسـۇن ۋە ئاللاھقـا سـېغىنىپ ئـۇ چۈشـتىن پانـاھ تىلىسـۇن»دېگەن[515].

مۆمىـن كىشـى ياخشـى چـۈش كۆرسـە ئۇنىـڭ ئۆزگىچـە ئىپادىسـى بولىـدۇ، چۈنكـى ئـۇ چـۈش پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام خـەۋەر قىلغانـدەك پەيغەمبەرلىكنىـڭ بىـر پارچىسـى سانىلىدۇ، بـۇ سـەۋەبتىن مۆمىـن كىشـى ئـۇ چۈشـتىن خۇرسـەن بولىـدۇ ۋە ئۇنىڭغـا ئەھمىيـەت بېرىـدۇ. رەسـۇلۇللاھ: «قىيامـەت يېقىنلاشـقانچە مۆمىنىنىـڭ كۆرگـەن چۈشـى يالغانلىققـا يېقىنلاشمايدۇ، (يەنـى چۈشـلىرى كۆپىنچـە راسـت چىقىـدۇ)، مۆمىنىنىـڭ چۈشـلىرى پەيغەمبەرلىكنىـڭ قىرىـق ئالتىنىـڭ بىـر قىسمىدۇر، پەيغەمبەرلىكنىـڭ پارچىسى بولغـان نەرسە يالغـان چىقمايـدۇ» دېگـەن[516].

---

[514] مۇسلىم رىۋايىتى، 2261 - ھەدىس.

[515] بۇخارى رىۋايىتى، 6603 - ھەدىس.

[516] بۇخارى رىۋايىتى، 66614 - ھەدىس؛ مۇسلىم رىۋايىتى، 2263 - ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ: «مۆمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتىنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەن[517]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «يەتمىشنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى، ـ 2265 ھەدىس). رەسۇلۇللاھ مۆمىننىڭ چۈشىنى چۈشنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە چۈش كۆرگۈچىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك سۈپەت بىلەن خاسلاشتۇرغان. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ياخشى چۈش ياخشى ئادەمدىن بولۇپ، پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتىنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەن[518].

چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ئىبنى سىرىن بۇ ھەقتە: «چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى كۆڭۈلنىڭ سۆزى. يەنە بىرى، شەيتاننىڭ قورقۇتۇشى. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تەرەپتىن بولغان بىشارەت» دېگەن[519]. دېمەك، چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ. يەنە چۈشلەرنىڭ قاتارىدا ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ قالىدىغان ياكى كۆڭلىنى غەم باسقان ياكى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلار ھەققىدىكى چۈشلەر بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ كۆڭلى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەپسانىي چۈش دەپ چۈشىنىلىپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى بۇ چۈشلەرنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان چۈشلەرمۇ بولىدۇ، يەنە بەزىدە ئۇنى قايغۇغا سېلىش ۋە

[517] بۇخارى رىۋايىتى، 6587 - ھەدىس.
[518] بۇخارى رىۋايىتى، 6983 - ھەدىس.
[519] بۇخارى رىۋايىتى، 6614 - ھەدىسنىڭ ئاخىرى.

تەشۋىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن شەيتان تەرەپتىن بولىدىغان چۈشلەرمۇ بولىدۇ.

ياخشى چۈشنى ئاگاھلاندۇرغۇچى چۈش، رىغبەتلەندۈرگۈچى چۈش ۋە بىشارەت بەرگۈچى چۈش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزىدە ئىنسان بەزى گۇناھلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە تەنبىھ بېرىدىغان چۈشلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن ياكى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئەجرىنى ئاشۇرىدىغان چۈشلەرنى كۆرۈشىمۇ مۇمكىن.

بەزىدە تېخىمۇ ھېرىس بولۇشى ۋە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ توغرىلىقىنى ۋە بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان چۈشلەرنى كۆرۈشىمۇ مۇمكىن.

بەزىدە دىنىنىڭ ۋە تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىدىغان ياكى ئاللاھ بىلەن بولغان ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەرنى كۆرۈشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە چۈشنى باشقىلار كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىشارەت بېرىشىمۇ مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ھەي خالايىق، ياخشى چۈشتىن باشقا پەيغەمبەرلىكنىڭ بىشارەتلىرىدىن بىر نەرسە قالمىدى، ئۇ چۈشنى مۇسۇلمان كىشى ئۆزى كۆرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا باشقىلار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ» دېگەن[520].

مۇسۇلمان كىشى بىشارەت بېرىدىغان چۈشلەر بىلەن

[520] مۇسلىم رىۋايىتى، 479 - ھەدىس.

مەغرۇرلىنىپ قالسا ۋە ئۇنىڭغىلا تايىنىپ قالسا توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ چۈشكە شۈكۈر ئېيتىپ ئاللاھقا تېخىمۇ يۈزلىنىشى كېرەك، بولمىسا بۇ چۈش ئۇنى ھالاكەتكە سۆرەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇسىبەت ئېلىپ كېلىدىغان چۈش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ چۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشى ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتسە بولمايدۇ. چۈش ھەرقانچە ئىلاھىي ياكى شەيتانىي ياكى نەپسانىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە شەرىئەت تەلەپ قىلغان دائىرىدە تۇرۇشتۇر.

چۈش شەرىئەتتە ھۆكۈم ئېلىش مەنبەسى بولۇشقا يارىمايدۇ، ئەگەر چۈش قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكمىگە زىت كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا چۈشكە ئەگىشىشكە ۋە شەرىئەتكە زىت كېلىدىغان كۆرۈنۈشكە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ. ھۆكۈم شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن ئېلىنىدۇ، چۈش بولسا ھەر خىل ئىزاھلىنىدىغان ۋە تەۋىل قىلىنىدىغان مىساللاردىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇنى زاھىرى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ چۈشنىڭ ھەرخىل ئىزاھاتلىرى بارلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۇڭ» دېگەن[521].

گەرچە مۇسۇلمان چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىمۇ، (ئۇنى چۈشتە كۆرۈش ھەق ۋە راستتۇر، چۈنكى شەيتان ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالالمايدۇ) بۇ چۈش شەرىئەت

[521] يۈسۈپ سۈرىسى، 101 - ئايەت.

ھۆكۈملىرىگە ھۆججەت بولالمايدۇ، بەلكى شەرىئەتكە زىت كەلمىگۈدەك مۇناسىپ شەكىلدە ئىزاھلىنىدۇ.

شۇنداقلا بىر كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈشكە ھېرىس بولۇشىمۇ مۇناسىپ ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇ سەۋەبلىك ھەسەت قىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ بىزنى ياخشى چۈشلەرنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەردىن باشقىسىغا خەۋەر قىلماسلىق ھەققىدە ئەسكەرتىش بەرگەن. ئەگەر بىر كىشى چۈش كۆرۈپ ياخشى ئىزاھلايدىغان كىشى تاپالمىسا، بۇ چۈشىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن ۋە ئۇلاردىن سوراپ ئولتۇرمىسۇن.

ئەگەر مۇسۇلماننىڭ چۈشلىرى كۆپىيىپ كەتسە، ئۇ چاغدا بۇ چۈشلەر ھەققىدە ئىزاھلاشنى كۆپ تەلەپ قىلىپ، ئىزاھلىغۇچىلارنى ياكى چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەرنى مەشغۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئاۋارە قىلىشى توغرا بولمايدۇ، شۇڭا چۈشىنىڭ مۇھىمنى ۋە مەنىسى ئېنىق بولمىغاننى تاللاپ ئىزاھات تەلەپ قىلسۇن. رەسۇلۇللاھمۇ ھەربىر چۈشكە تەبىر بەرمەيتتى، بەزىدە : «ماشائاللاھ» دېگەن سۆز بىلەن كۇپايىلىنەتتى. بۇ سەۋەبتىن، كۆرگەن چۈشلىرىمىز ھەققىدە ئىزاھات بەرگۈچىلەر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالسا ياكى ماشائاللاھ، دېيىش بىلەن كۇپايىلەنسە ياكى ياخشى چۈش ئىكەن، دېسە، بىز قاشاڭلىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالساق توغرا بولمايدۇ.

سەمۇرە رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇپ بولسا، بىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ: <سىلەردىن قايسىڭلار بۇ

كىچە چۈش كۆردى›؟ دەپ سورايتتى. ئەگەر بىرىمىز چۈش كۆرگەن بولسا رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بېرەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇ چۈشكە قارىتا: ‹ماشائاللاھ› دەيتتى»[522].

قەلبىنى پاكلىماقچى بولغان كىشى چۈش بىلەن مەشغۇل بولسا بولمايدۇ، شۇڭا مۇسۇلمان چۈشكە چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇۋالمىسۇن. ئۇنداق قىلىپ قالسا ھەر قېتىم ئۇخلىغاندا بىر چۈش كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياكى ئاللاھتىن بىر نەرسە كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەلكى بۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى ياخشى دەپ ئويلاپ سېلىشى ياكى ئاشۇ چۈشكە تايىنىپ قېلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، چۈش كۆرسىتىش ياكى كۆرسەتمەسلىكنى ئاللاھقا قويۇپ بەرسۇن.

ئىنسانىنىڭ چۈشى ھەققىدە ياكى باشقا ئىشلار ھەققىدە يالغان سۆزلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈش توغرىسىدا يالغان سۆزلەشمۇ ئېغىر يالغانچىلىق سانىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «بىر ئادەمنىڭ كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى ئەڭ ئېغىر يالغانچىلىقتۇر» دېگەن[523].

[522] بۇخارى رىۋايىتى، 1320 - ھەدىس.

[523] بۇخارى رىۋايىتى، 6636 - ھەدىس.

# قەلبنى پاكلاش پروگراممىسى

1. سىز دائىم قەلبىڭىزنى ساغلام، ياخشى ئوي - پىكىرلەر بىلەن مەشغۇل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭ.

2. سىز دائىم ناچار ئوي - پىكىرلەرگە ئىنكار قىلىش، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش ۋە ئۇ ھەقتىكى ۋەسۋەسىلەرگە ئەمەل قىلماسلىق ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇڭ.

3. سىز بوش ۋاقتىڭىزنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن مەشغۇل بولۇڭ، ئۇنىڭدىن غاپىل قالماڭ.

4. سىز ھەربىر ئىش قىلغاندا ئاللاھنىڭ سىزنى نازارەت قىلىدىغانلىقىغا، سىزنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىغا، سىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ۋە سىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىزنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

5. سىز ھەرقانداق بىر ئىش قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش نىيىتىدە بولۇڭ.

6. سىزگە ھەر قېتىم رىياخورلۇق ئوي - پىكىرى كېلىپ قالسا، مەخلۇقلارنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۇلارنىڭ پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئەسلەڭ.

7. سىز ھەر بىر نېمەتنى كۆرگەندە ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىڭ ۋە ئۇنىڭ پەزلىنى ئەسلەڭ.

8. سىز ھېچبولمىغاندا ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا ئاللاھنىڭ

ئىنسان ۋە دۇنيادىكى نېمەتلەرى ھەققىدە ئويلىنىش ئارقىلىق شۈكۈر قىلىش.

9. سىز ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشنى كاللىڭىزغا كەلتۈرۈڭ.

10. سىز ھەر بىر ئىشنى قىلغاندا ۋە بىر ئىش قىلىشقا قۇدرىتىڭىز يەتمىگەندە، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭ، ئىش - ھەرىكەت ۋە سەۋەبلەرگە تايىنىپ قالماڭ.

11. سىز ئەتىگەن - كەچ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مەرھەمىتىنى ئەسلەش ئارقىلىق قورقۇش بىلەن ئۈمىدنى بىرگە ئېلىپ مېڭىڭ.



12. دۇنياغا قىزىقىش ياكى دۇنيادىن مەھرۇملۇق يۈز بەرگەندە، دۇنيانىڭ ئاددىيلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈڭ.

12. قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش، تەپەككۇر قىلىش، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئەھۋالىڭىزنى ياخشىلاڭ. مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە ئۆزىڭىزگە مەلۇم ئۆلچەمدە بەلگىلىمە بېكىتىۋېلىڭ.